# ھىجرەت ھەققىدىكى مەسىلىلەر ۋە ئەھكاملار

# الهِجْرَةُ

# مسائِلٌ .. وأحكام

ئەبۇ بەسىر تەرتۇسى

(سۈرىيە )

(2-نەشرى)

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقى ئادرېسى

# الهِجْرَةُ

# مسائِلٌ .. وأحكام

## ھىجرەت ھەققىدىكى مەسىلىلەر ۋە ئەھكاملار

تأليف

عبد المنعم مصطفى حليمة

# عبد المنعم مصطفى حليمة

## أبو بصير الطرطوسي

رحمه الله

منبر التوحيد والجهاد

الدّال على الخير كفاعله

http://www.tawhed.ws
http://www.almaqdese.net
http://www.alsunnah.info
http://www.abu-qatada.com
http://www.mtj.tw

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

تەقدىم.............................................................7
ئەبۇ بەسىر تەرتۇسىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ............9
مۇقەددىمە .................................................45
ھىجرەتنىڭ مەنىسى ...........................................56
ھىجرەت قىلىشتىكى سەۋەبلەر ۋە مەقسەتلەر..............68
ھىجرەتنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكۈمى ..........................106
1-ۋاجىب ھىجرەت (الهجرة الواجبة): .....................107
2-مۇستەھەب ھىجرەت (هجرة مندوبة): ...................123
3-ۋاجىبمۇ ئەمەس ۋە مۇستەھەبمۇ ئەمەس ھىجرەت (يەنى ساقىت ھىجرەت) (هجرة غير واجبة ولا مندوبة:).........129
4-ھارام ھىجرەت (هجرة محرمة)............................134
1-مەسىلە:ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەن «دۈشمەنگە جىھاد قىلىنىدىكەن، ھىجرەت داۋام قىلىدۇ.. ھىجرەت قىيامەت كۈنىگىچە داۋام قىلىدۇ».. بۇ ھەدىس بىلەن « مەككە پەتھىسىدىن كېيىن ھىجرەت يوق لېكىن جىھاد قىلىش

ۋە ياخشى نىيەت بىلەن ھىجرەت قىلىشقا بولىدۇ، ئەگەر ئىمام جىھادقا چىقىشنى تەلەپ قىلسا جىھادقا چىقىڭلار. [متفق عليه]» دېگەن ئىككى ھەدىسنىڭ ئوتتۇرىسىنى قانداق ماسلاشتۇرىمىز.........................................141
2-مەسىلە: كۇپرى دىيارى (دار الحرب) دىن ئىسلام دىيارى (دار الإسلام) غا ھىجرەت قىلىش توغرىسىدىكى ھەدىسلەر بەك كۆپ كەلدى.. بىز ئۇ ئارقىلىق بىر دىيارنىڭ ئىسلام دىيارى ياكى كۇفرى دىيارى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان قائىدە پىرىنسىپ قايسى؟ ..................................................149
3-مەسىلە: كۇفرى دىياردىن ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىش چەكلىنەمدۇ؟ ياكى ھىجرەتنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ياخشىراق سۈرىتى بارمۇ؟ ..........................................166
4-مەسىلە: ئاخىرقى زامانلاردا نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار غەرب شەھەرلىرىگە ھىجرەت قىلدى.. بۇلارغا الله يولىدا ھىجرەت قىلغانلىقنىڭ ئەجرى يېزىلامدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ باشقىچە ھۆكۈمى بارمۇ؟............................................172
5-مەسىلە:ئامېرىكىدا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىدە تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشۇ دۆلەتتىكى قوشۇندا ئەسكەرلەردەك خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى مۇئەييەنلەشتى.. شەرىئەتنىڭ بۇلار ھەققىدىكى ھۆكۈمى نېمە ؟ ئاشۇ قوشۇن بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلانغان

كىشىنىڭ ھۆكۈمى نىمە ؟.. بۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىكراھ (مەجبۇرلىنىش) مۇ؟................................182
6-مەسىلە:كاپىر دۆلەتلىرىدە تۇرغان، شۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمى نىمە ؟ ئۇلارنىڭ قانداق مەجبۇرىيىتى بار؟...............................................196
7-مەسىلە:سىلەر نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇپمۇ ئەرەب شەھەرلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشۇ شەھەردىكى تاغۇت ھاكىملار تەرىپىدىن زۇلۇم، ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بىلىسىلەر.. سىلەر بۇلارنى چوقۇم ھىجرەت قىلىش كېرەك دەپ قارامسىلەر ؟.. ئۇلار زادى قەيەرگە ھىجرەت قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ئۇلارغا نىسبەتەن ئەڭ ئەۋزەل يول قايسى؟....................201
8-مەسىلە:مۇسۇلمان ئايالغا، بولۇپمۇ مۇسۇلمان ئايالنىڭ يۈز-ئابرۇيى ، نام شەرىپى دۈشمەنلەر يەنى ئىنسانىيەت ئىچىدىكى ياۋۇز بۆرىلەر تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىشقا ئۇچراپ قىلىشتىن قورققان ۋاقىتتا مەھرەمسىز ھىجرەت قىلىش دۇرۇس بولامدۇ؟.......................................212
9-مەسىلە:ھەقىقەتەن شەيخ ئەلبانىدىن (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني) دىن مۇسۇلمانلارنى پەلەستىندە ھىجرەت قىلىشقا قىزىقتۇرىدىغان پەتىۋا چىقتى .. سىلەرنىڭ بۇ پەتىۋاغا ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققان كىشىگە بولغان

كۆزقارىشىڭلار قانداق؟..........................................215
10-مەسىلە:زالىملارنى تەرك ئېتىش مۇتلەق بولامدۇ.. ياكى بۇ مەسىلىنىڭ تەپسىلاتى ۋە پىرىنسىپلىرى بارمۇ؟.....228
11-مەسىلە: شەرىئەت مۇئەييەن بىر زېمىننى ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلىش ۋە ئۇ يەردە تۇرۇش ياخشى بولىدۇ دەپ كۆرسىتىپ بېرەمدۇ؟ .............................................257

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەقدىم

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

-الله يولىدا ھىجرەت قىلغان.. رازىلىق ۋە ئەزىزلىك ۋە جىھاد يۇرتىنى ئارزۇ قىلىشۋاتقانلارغا..!
-شۇنچە كەڭرى زېمىن تار كېلىشۋاتقان .. ھېچقانداق چارە تاپالمايۋاتقان ۋە يول تاپالمايۋاتقانلارغا.. !
-ھىجرەت ئۇلارنى ئۆڭكۈر جىلغىلاردا ياشاشقا.. زېمىننى سىلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتقانلارغا.. !
-ئۆز شەھەرلىرى ، ۋەتىنى ئۇلاردىن يۈز ئۆرىۋاتقان.. ئۇلاردىن ئىنسانىي ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان ۋە ئەڭ تۆۋەن ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان .. بۇ ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس پەقەت ۋە پەقەت «رەببىمىز الله» دېگەنلىكى ئۈچۈن بولغانلارغا..!
- يۇرتلىرى زۇلمەتلىك ۋە شارائىتلىرى ناچار.. بالايى-ئاپەت ۋە پىتنە-پاسات بىلەن تولغان دىيارلاردا كىشىلەر-ئىختىيارى ۋە مەجبۇرى-ئۇلاردىن يۈز

ئۆرىۋاتقانلارغا..!

ھەق ئۈنىڭغا پاناھلىنىدىغان بىرەر ماكان بېرەلمىگەن ئاشۇ قاچقۇنلارغا..!

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەن بۇ كىتابنى تەقدىم قىلىمەن.. بۇ كىتابتا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى خۇرسەن بولىدىغان ۋە قەلبى خۇشال بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.. الله بىزگە ناھايىتى يېقىندۇر، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ..

ـئەبۇ بەسىر تەرتۇسى

ئەبۇ بەسىر تەرتۇسىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى




**الحمد لله، والصلاة والسلام على رسول الله، وبعد.**

ئۆلىمالار ئىلىمدە، ئەمەلدە، مىلى ۋە جىنىنى تەقدىم قىلىشتا، جىھاد قىلىشتا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر.

كىشىلەر ئەڭ چوڭ بەختسىزلىككە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا ئۆلىمالار كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئارزۇسىدۇر.

ئۆلىمالار كىشىلەر بۇزۇلغان ۋاقىتتا ئىسلاھ قىلىدۇ.. كىشىلەرنى قورشىۋالغان ھالاكەت دولقۇنلىرىغا قارشى تۇرىدۇ.

ئۆلىمالار اللهنىڭ بەندىلىرىنى ۋە شەھەرلەرنى تىنچلىق ، خاتىرجەملىك، نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان ئىسلاھاتچى يېتەكچىلەردۇر.

ئۆلىمالار خەلققە بارلىق ياخشىلىقلارنى تەقدىم ئېتىدىغان ئاۋانگارتلاردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن **الله** ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىدى ۋە قىزىقتۇردى:

في قوله تعالى:{يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الأَمْرِ مِنْكُمْ} النساء:59.

﴿ ئى مۆمىنلەر! الله قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، [59]. ﴾

وفي قوله تعالى:{فَاسْأَلوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ كُنْتُمْ لا تَعْلَمُونَ} النحل:43.

﴿ بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار [43].﴾

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

وفي قوله تعالى: {وَإِذَا جَاءَهُمْ أَمْرٌ مِنَ الأَمْنِ أَوِ الخَوْفِ أَذَاعُوا بِهِ وَلَوْ رَدُّوهُ إِلَى الرَّسُولِ وَإِلَى أُولِي الأَمْرِ مِنْهُمْ لَعَلِمَهُ الَّذِينَ يَسْتَنْبِطُونَهُ مِنْهُمْ وَلَوْلا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ لاتَّبَعْتُمُ الشَّيْطَانَ إِلاَّ قَلِيلاً} النساء:83

﴿(مۆمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۇستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى. (ئى مۆمىنلەر!) ئەگەر سىلەرگە الله نىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئازغىنە كىشىدىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە، شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار [83].﴾

اللهنىڭ كالامىنى بىلىدىغان ۋە ئۇنى چۈشىنىدىغان، ئۇلارغا ياخشى ئىشلاردا ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولىدىغان ئىش ئىگىلىرى اللهنىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلىدىغان ئۆلىمالاردۇر.

اللهنىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلىدىغان ئۆلىمالارنىڭ بىرى بىزنىڭ سۆيۈملۈك شەيخىمىز، ئالىم، مۇجاھىد، الله يولىدا

نۇرغۇن ئەرزىيەتلەرگە ئۇچرىغان ، شام شەھەرلىرىنىڭ بىرىدىكى تەۋھىد ۋە سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى بولغان سۈرىيەلىك ئەبۇ بەسىر تەرتۇسى..

مانا بۇ شەيخىمىزنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى ئەبۇ بەسىر تەرتۇسىنى تونۇشتۇرۇشتىكى باشلىنىش دەپ ئاتايمەن.. اللهنىڭ بۇ تەرجىمىھال بىلەن بۇنى ئوقۇغان كىشىگە مەنپەئەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.. الله ياردەم بەرگۈچىدۇر..

## شەيخنىڭ سالاھىيتى

شەيخنىڭ تولۇق ئىسمى (الشيخ عبد المنعم مصطفى عبد القادر خضر محمد أحمد حليمة. ) بولۇپ <ئەبۇ بەسىر تەرتۇسى > دېگەن ئۇنىڭ تەخەللۇسى.

«ئەبۇ بەسىر تەرتۇسى» دېگەن بۇ تەخەللۇس شام شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان سۈرىيە شەھىرىگە جايلاشقان ئۇنىڭ تۇغۇلغان ماكانى تەرتۇس شەھىرىگە نىسبەت بېرىلگەن .

ئەبۇ بەسىر تەرتۇسى مىلادى 1959-يىلى 10-ئاينىڭ 3-كۈنى تەرتۇس شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ پەلەستىنلىك بىر ئائىلىگە ئۆيلەنگەن بولۇپ ئۈچ قىز، بىر

ئوغلى بار.

ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسى

شەيخ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

اللهنىڭ ماڭا بەرگەن سان ـساناقسىز پەزلى ۋە مەرھەمىتى شۈكرى مەن سۇنئەتپەرۋەر، سەلەپ ئەقىدىسىدىكى دىندار ئائىلىدە تۇغۇلدۇم..

ئائىلىمىزنىڭ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني رحمه الله) بىلەن ئۇ سۇرىيەدىن ئىئوردانىيەگە ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى.

مەن ئەقلىمنى تاپقىنىمدا ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتارىدا ئىدىم. كىچىكىمدىن باشلاپلا ھاياتتىن مۇنداق ئىككى ھەقىقەتنى چۈشەندىم:

ئۇنىڭ بىرى: ئىسلام اللهنىڭ دىنى، ھېچقانداق دىن ئىسلام بىلەن رىقابەتلىشەلمەيدىغان مۇتلەق ھەقىقەت...

بۇ مۇتلەق ھەقىقەت ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان كۈچ ۋە بۇ مۇتلەق ھەقىقەتنى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان الله يولىدىكى جىھاد بولمىسا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ دېگەن ئېتىقاد مەندە پەيدا بولغان.

بۇ ئېتىقاد ئەقىل، نەقىل، رېئاللىقا مۇناسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ھېلىمۇ ـ ھەم كۈندىن ـ كۈنگە مەندە چوڭقۇر يىلتىز تارتماقتا.

مەن بىرەر كۈنمۇ قەلبىمدىكى بۇ ئېتىقادنىڭ ئۆزگەرگىنىنى ياكى بۇ خىل يول، بۇ خىل چۈشەنچىلەردىن ئازراق چەتنەپ كەتكىنىنى بىلمەيمەن.

مەن بۈگۈن ـ اللهنىڭ پەزلى بىلەن ـ ئىگە بولغان ئېتىقاد مەندە 40 ـ يىل بۇرۇن شەكىللەنگەن ئېتىقادنىڭ ئۆزىدۇر.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى، سەپەرلەر، تەجرىبىلەر، جاپا مۇشەققەتلەر، شەرق ۋە غەربلەرنى ئايلىنىش.. قاتارلىقلار بۇ خىل ئېتىقاد ۋە يولنىڭ توغرىلىقىغا بولغان جەزمىيتىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

بۇنىڭ ھەممىسى پەقەت اللهنىڭ پەزلىدۇر.

شەيخىمىز (حفظه الله) 1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سۇرىيە ئۈنىڭغا قاتتىق تار كەلگەندىن كېيىن الله يولىدا سۇرىيەدىن ھىجرەت قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا شام شەھەرلىرىدە ناسارالار مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە ئۇلارنى قاتتىق ئازابلىغان ئىدى.

شەيخىمىز ئۇ يەردىكى بىر قىسىم ئەھلى سۈننىيلەرنىڭ يەنى قېرىندىشى (الله ئۇ كىشىنى ئازاد قىلسۇن) نىڭ تارتقان بىر قىسىم مۇشەققەتلىرىنى بايان

قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

شۇنداق، قېرىندىشىم ئابدۇل قادىر (عبد القادر مصطفى حليمة) سۇرىيەدە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ناسارالار تەرىپىدىن مىلادى 1981-يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ قاماققا ئېلىندى.

جاللاتلارنىڭ نەزىرىدە بىر يىل بىر كۈنگە باراۋەر. ئۇ ھېلىمۇ ـھەم جاللات زالىملارنىڭ تۈرمىلىرىدە ھازىرغىچە قاماققا ئېلىنىپ تۇرماقتا..

بىز ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھۋالىنى ئۇقالمىدۇق.. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش، ئۇنى كۆرۈش، يوقلاش ئۇياقتا تۇرسۇن بىرەر كىشىمۇ ئۇ توغرىسىدا سوراشقا قادىر بولالمىدى..!!

گۇمانخور كىشىلەر بەزىدە ئۇ بىر جىنايەتچى.. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئۇزۇن تۈرمىدە يېتىشىغا لايىق جىنايىتى بار دەپ گۇمان قىلىدۇ..

مەن پەقەت ئۇنى قېرىندىشىم دەپ بىلىمەن باشقا تۆھمەتلەرگە ئىشەنمەيمەن..

شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد (محمد خضر حليمة) مۇ ھېلىمۇ ـھەم زالىملارنىڭ تۈرمىسىدە ھازىرغىچە قاماققا ئېلىنىپ تۇرماقتا..

ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرەي دەپ قالغان دوختۇر ئىدى. ئۇنى زالىم، خائىنلار تۇتۇپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تىلغا ئالغۇدەك

جىنايىتى يوق ئىدى، پەقەت ئۇ دىندارلىق سالاھىيىتى بىلەن ئاشكارا بولغان ئىدى.

شەيخ ئەبۇ بەسىير (حفظه الله) شام شەھەرلىرىدىكى جىھادقا قاتناشتى،ئۇنىڭ مۇجاھىدلارنىڭ قىنىنى قوغداشتا، ئۇرۇشنى ئىسلاملاشتۇرۇشتا مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىنى بىرلەشتۈرۈشتە چوڭ تۆھپىسى بار.

شۇنىڭدەك شەيخ ئەبۇ بەسىير (حفظه الله) ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئەدنان ۋە شەيخ سەئىد ھەۋۋاغا ئوخشاش جىھاد قوماندانلىرى بىلەن ئالاقە ئورناتقان ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ رىسالىلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

بۇ خەت شەيخ سەئىد ھەۋۋا (رحمه الله)غا تېگىدۇ...

مەن ئىككىمىزنىڭ ئۇچىرشىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئۇنىڭ قاتتىق كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كىيىن بۇ خەتنى ئەۋەتتىم... چۈنكى مەن سەئىد ھەۋادىن ئۇنىڭ سورىيەنى ئازاد قىلىش ئۇچۇن ۋەتەنپەرۋەرلىك كېلىشىمى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان ھالاكەتلىك نەتىجىلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پەتىۋا ياكى بايان ئېلىشقا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدىم..

شۇنىڭدەك شەيخ ئەبۇ بەسىير (حفظه الله) بىر قىسىم ئەھلى ئىلىملەر بىلەن ئالاقە ئورناتقان ئىدى.

ئۇنىڭ بىرى: شەيىخنىڭ شەيخ ئەلبانىغا ئىئوردانىيەدىكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ۋاقتىدا خەت ئەۋەتىشى..

شەيخ ئەبۇ بەسىير (حفظه الله) شەيخ ئەلبانىغا ئۇنىڭ تاغۇت ھاكىملارغا توغرا پوزىتسىيە تۇتۇش.. بولۇپمۇ سۇرىيەدىكى سوتسىيالىزم تۈزۈمى.. توغرىسىدىكى ئىختىلاپتىن كېيىن بىر پارچە خەت ئەۋەتتى..

لېكىن شەيخ ئەبۇ بەسىير (حفظه الله) خەتنى ئەۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ شەيخ ئەلبانىغا قوپال سۆزلەرنى قىلغانلىقى ھېس قىلىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى.

شەيخ ئەبۇ بەسىير (حفظه الله) مۇنداق دەيدۇ: الله ماڭا ئىككىنچى قېتىم ئىيوردانىيەگە سەپەر قىلىشنى تەقدىر قىلدى.

مەن شەيخ ئەلبانى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭدىن يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ ئەپۇ سورىدىم.. ئۇ شۇنداق قىلدى. شەيخ ئەلبانى ئۇنى ئەپۇ قىلدى. الله ئۇنىڭغا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار توغرىسىدا ياخشى مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلىسۇن.

شەيخ ئەبۇ بەسىير (حفظه الله) شەرق ۋە غەربتىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنى ئايلاندى، بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە الله يولىدا جىھاد قىلىپ باردى. ئۇ ئەنگلىيەگە باردى. ئۇيەردە مۇسۇلمانلار شەھەرلىرىدە تاپالمىغان ئەركىنلىكنى تاپتى..

لا حول ولا قوة إلا بالله !.

شەيخ ئەبۇ بەسىير (حفظه الله) ھاياتىدا ئۆتكەن ۋە بىر

قىسىم كۆچكەن شەھەرلەر ۋە ئورۇنلار توغرىسىدا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

سۇرىيەدىن پاكىستان ۋە ئافغانىستانغا بېرىش

شەيخ ئەبۇ بەسىير (حفظه الله) مۇنداق دەيدۇ:
سۇرىيەدە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تاغۇت گۇرۇھلارنىڭ زۇلۇمى ۋە بۇزۇقچىلىقى ۋە ھەددىدىن ئېشىشىغا قارشى ئىسلامى جىھاد ھەرىكىتى قوزغالغان ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەۋۋىلى ئىدىم. مېنى ئىزدەش كۈچىيىپ كەتتى، تەكشۈرۈش كۆپەيدى.. زالىملار تەرەپتىن مېنى ئىزدەش ئالتە ئايدىن كۆپرەك داۋاملاشتى..
مەن سۆيۈملۈك سۇرىيەدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىشنى ئويلىدىم. بۇ ماڭا ناھايىتى قىيىن تاللاش بولدى.. لېكىن چوقۇم ھىجرەت قىلىشىم كېرەك ئىدى.
الله ماڭا چىقىش يولى ئاتا قىلىپ زالىملارنىڭ كۆزلىرىنى بىزدىن قارىغۇ قىلىپ قويدى.. بۇ مىلادى 1980-يىلى ئىدى.
مەن نۇرغۇن دۆلەتلەردىن ۋە بېكەتلەردىن ئۆتۈپ پاكىستانغا يېتىپ كەلدىم.. بۇ يەردىن الله مېنى مۇجاھىدلار بىلەن ئافغانىستانغا كىرىشنى تەقدىر قىلدى. بۇ مىلادى

1981يىلىنىڭ باشلىرى ئىدى

ماڭا مۇجاھىدلار ـھېكمەتيارنىڭ جامائىتى ـ مىنىڭ ئافغانىستانغا كىرگەن تۇنجى ئەرەب مۇجاھىد ئىكەنلىكىمنى خەۋەر قىلدى. چۈنكى ئەرەبلەرنىڭ ئافغانىستان ساھەسىدە ـپىشاۋۇر شەھىرىدە ـ بولۇشى بەك ئاز ئۇچرايتتى.

مەن بۇيەردە نۇرغۇنلىغان شۇ ۋاقىتتىكى ئافغان جىھادىنىڭ قوماندانلىرى ۋە شەيخلىرى بىلەن تونۇشتۇم ۋە ئۇچراشتىم..

ئۇلاردىن ھېكمەتيار، سەييياف ، ئابدۇللاھ ئەززام (الشيخ عبد الله عزام).. بار ئىدى.

مەن ئافغانىستاندا جىھادقا قاتناشقان نۇرغۇن قېتىمدا شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام بىلەن بىرگە بولدۇم.

شۇنىڭدەك مەن يەنە شەيخ (الشيخ جميل الرحمن رحمه الله) بىلەن تونۇشتۇم ۋە ئۇچراشتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ خۇسۇسى ئۆيىدە تورۇپ ئۇ ۋە ئۇنىڭ جامائىتى بىلەن بىرگە بەش ئايدىن كۆپرەك خىزمەت قىلدىم.

شەيخكە ئەگەشكەن نۇرغۇنلىغان جامائەتلەر بىلەن ئارىلىشىش مەن ئۈچۈن شەرەپلىك ئىش ئىدى. مەن چېدىردىكى مۇجاھىدلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتا ئاكتىپ بولدۇم.. ئاشۇنىڭدىن كېيىن..

## شەيخ ئەبۇ بەسىير ئىيوردانىيەدە

مەن نۇرغۇنلىغان سەپەرلەردىن كىيىن ئىئوردانىيەگە قايتتىم .. چۈنكى مەن ئىلگىرى ئىئوردانىيەنى زىيارەت قىلغان ھەمدە ئۇ يەردە نۇرغۇن يىل تۇرغان.

مەن ئىئوردانىيەدە تۇرغان كەنتلەر: زەرقادىكى مەئسۇم (حي معصوم) كەنتى، كەسسارات (حي الكسّارات) كەنتى..

قىسقىچە تىلغا ئىلىپ ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىش شۇكى، زەرقاۋى (أبو مصعب الزرقاوي رحمه الله) نىڭ كەنتتىكى ئۆيى مېنىڭ ئۆيۈمدىن يىراق ئەمەس بولۇپ ئارىلىقى پەقەتلا ئون مېتىر كېلەتتى.

بۇ مىلادى 1987-يىلى ئىدى. زەرقاۋى مېنى ۋە مېنىڭ بىر قىسىم كىتابلىرىمنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ مەن بىلەن ئىئوردانىيەدىكى بىر قىسىم ئىرجائىزىم ئەقىدىسىدىكى شەيخلەر قوزغىغان نۇرغۇن مەسىلىلەردە پىكىر ئالماشتۇراتتى. مېنىڭ يەنە ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن ياخشى قوشنىدارچىلىق ئالاقەم بار ئىدى..

ئىئوردانىيەدە نۇرغۇن ئەسەرلىرىم نەشىر قىلىندى. ئۇنىڭ قاتارىدىن « حكم الإسلام في الديمقراطية والتعددية الحزبية، وصفة

الطائفة المنصورة التي يجب أن تكثر سوادها، والعذر بالجهل » ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار..

بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى رەسمى مەتبۇئاتلار تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان ئىدى. لېكىن ماۋا ئىئوردانىيە ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ مېنى ۋە كىتابلىرىمنى چەكلىگەنلىكى يەتتى.

سۇرىيەدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۇلار مەندىن ھەرقانداق كىتابنى -گەرچە بۇ كىتابلار ئىيوردانىيە مەتبۇئاتلىرى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان بولسىمۇ- باسماسلىقىمنى تەلەپ قىلدى.

ئەگەر كىتاب باستۇرسام ئالدى بىلەن بۇ كىتابلار سۇرىيەدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتىشى، ئاندىن ئىيوردانىيە ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتىشى، مۇشۇ ئاپپاراتلار تەستىقلاپ بولغاندىن كىيىن مەن رۇخسەت قىلسام بۇ كىتابلار بېسىلىدىغانلىقىنى لېكىن مەن بۇ زەنجىر، كىشەنلەرگە ساقلانمىسام ئۇزاققا قالماي ئىئوردانىيىدىن قوغلىنىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتى.

مىنىڭ بۇ كىشەنلەرگە باغلانماسلىقىم تەبىئي ئىش ئىدى. بۇ ئىشتىن كىيىن مىنىڭ «قواعد في التكفير » دېگەن كىتابىم نەشىر قىلىندى.

بۇ كىتابنى دارۇل بەشىير نەشرىياتى ئەسلى باسمىسى ۋە نەشرى بويىچە نەشىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىيوردانىيە ئاخبارات ئىدارىسى مېنى چاقىرتىپ مېنى تۇرمىگە قامىدى. ئۇلار مىنىڭ ئىئوردانىيەدىن چىقىپ كېتىشىمنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. مەن كويىزا-كىشەنلەر ئىچىدە ئايروپىلانغا چىققانغا قەدەر ئىيوردانىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ كۆزۈتىشىدە بولدۇم.

مەن ئۆزۈم خالايدىغان بىر يولنى تاللىشىم كېرەك ئىدى، شۇڭا مەن يەمەننى تاللىدىم. مەن يەمەننى قانداقمۇ تاللىماي يەمەننى بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاللاپ بەرگەن تۇرسا؟

فقال: "عليكم بالشام فمن أبى فليلحق بيمنه، وليستقِ من غُدُره".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : « سىلەر شامدا تۇرۇڭلار! كىمكى ئۇيەردە تۇرمىسا يەمەندە تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ كۆلىدىن سۇ ئىچسۇن..»

مەن ئىئوردانىيەدىن مەجبۇرى چىقىپ كەتتىم.. ئەگەر ئىيوردانىيە ھۆكۈمىتى مېنى ئىئوردانىيەدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىمىغان بولسا مەن ئىئوردانىيەدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

چىقىپ كەتمەيتتىم. شۇڭا مەن بۇ ئىشلارنى سۆزلەيمەن.. مىنىڭ ئالىيجاناب ، ۋاپادار ئىئوردانىيەنىڭ مۇسۇلمان خەلقىنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلىشىمدىكى سەۋەب ئۇلار مېنى ياخشى كۆرەتتى، ماڭا ئىھتىرام قىلاتتى،مېنى قەدىرلەيتتى..

شەيخ ئەبۇ بەسىير يەمەندە

مەن يەمەنگە كېلىپ ئىككى يېرىم يىلغا يېقىن تۇردۇم. ئاندىن «ئەبۇ يەمەن-يەنى يەمەن ھۆكۈمىتى» مىنىڭ يەمەندە ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالدى. ئۇلار خۇددى قىممەتلىك ئولجىغا دۇم چۈشكەندىكىدەك ئۆيۈمگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىردى، نۇرغۇن كىتابلىرىمنى مۇسادىر قىلدى.. پەقەت « كتاب الانتصار لأهل التوحيد » دېگەن كىتابىمنى كېيىن قايتۇرۇپ بەردى. ئۇلار مېنى تۇرمىگە قامىدى. بىر قانچە ئايدىن كېيىن ئۇلار ماڭا يەمەندىن چىقىپ كېتىشىمنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.. لېكىن بۇ قېتىم نەگە كېتىمەن ؟ بولۇپمۇ ئائىلە بەك چوڭىيىپ كەتكەن ۋاقىتتا نەگە كېتىمەن ؟ باللار دادىسىغا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ھېچ نىمىنى بىلمەيتتى..

شەيخ ئەبۇ بەسىير مالايسىيادا

مالايسىيادىكى ئەڭ ياخشى شەھەرلەر ھەققىدە ئىزدىنىش، ئىستىخار سېلىش، مەسلىھەت قىلغاندىن كېيىن مەن يەمەندىن چىقىپ كەتتىم .. ئۇلار مېنى يەمەندىن قوغلاپ چىقارمىغان بولسا مەن يەمەندىن چىقىپ كەتمەيتتىم..

مەن مالايسىيادا مىنىڭ ۋە باللىرىمنىڭ رەسمىي تۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە قادىر بولىدىغان بىرەر جامائەت ياكى يول ئىزدەپ بىر قانچە ئاي قانۇنسىز، رەسمىيەتسىز يول بىلەن ياشىدىم.

مەن ئۇ يەردىكى مۇسۇلمان جامائەتلەرنىڭ قېشىغا باردىم.. مەن ئۇلارنىڭ قېشىدا ماڭا ئورۇن بېرىدىغان ۋە باللىرىم بىلەن بىرگە تۇرۇشنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىنى تېپىش ئۈمىدىدە ئىسلام ۋىلايەتلىرىگە باردىم.

لېكىن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ـ مىنىڭ شارائىتلىرىمنى ۋە قانۇنسىز تۇرىۋاتقىنىمنى بىلگەندىن كېيىن ـ ماڭا مىنىڭ مالايسىيادىن چىقىپ كېتىشىم كېرەكلىكىنى ۋە مىنىڭ تۇرمىگە كىرىدىغانلىقىمنى ئاندىن ھەر ۋاقىت سۇرىيە ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتى.

شەيخ ئەبۇ بەسىير تايلاندتا

لېكىن بۇ قېتىم نەگە بارىمەن؟ ئۇلار تايلاندقا بېرىپ سىناپ كۆرگىن دېدى .

تايلاند بولسا بۇتپەرەس مۇشرىكلار شەھىرى ئىدى.. مېنىڭ ئائىلەم، تۆت بالام تۇرسا مەن ئۇيەردە نېمە ئىش قىلىمەن؟!..

ئۇلار : سەن تۈرمىگە كىرىسەن ئاندىن سۈرىيەگە قايتىپ كېتىسەن .. سېنىڭ باشقا تاللاش يولۇڭ يوق دېدى .

مەن دېدىمكى : « حسبي الله ونعم الوكيل ..»

الله ماڭا يېتەرلىك ، الله ئەڭ ياخشى ۋەكىل دەپ تايلاندقا قاراپ يول ئالدىم.

قىيىنچىلىق يۇقىرى چوققىغا يەتكەندىن كېيىن بۇ يەردە مەن ئويلاپمۇ باقمىغان يەردىن مېنى بىر يول كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. الله ماڭا بۇ يەردىن ئەنگلىيەگە بېرىشنى تەقدىر قىلدى. والحمد لله رب العالمين

شەيخ ئەبۇ بەسىير مۇشۇنداق مۇشەققەتلەرگە قارىماستىن ساپ، سۈزۈك بولغان تەۋھىدكە دەۋەت قىلىشتىن، تاغۇتلارنى ئاشكارا ئىنكار قىلىشتىن، باتىل قەيەردە مەۋجۇت بولىدىكەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىن، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن، زالىم مۇرتەدلەر ئالدىدا ھەقنى سۆزلەشتىن توختاپ قالمىدى، بۇ يولدا مالامەت

قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقۇپ قالمىدى.

شەيخ ئەبۇ بەسىير ئەنگلىيەدە ئۆزىنىڭ تۇزگەن ئەسەرلىرىنى تارقىتىدىغان ئىنتېرنېت تور بېكىتىنى قۇرغان بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان تەۋھىد ۋە جىھاد ياشلىرى ۋە جىھاد ئەھلىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى.

شەيخ ئەبۇ بەسىير تور بېكىتىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

نۇرغۇن قېرىنداشلار بىزنىڭ كىتابلىرىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ دىيارىدا چەكلەنگەنلىكىنى ۋە كىتابلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا يېتىپ بارمىغانلىقىنى شىكايەت قىلدى..

ھەقىقەتەن كىتاب بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا تاغۇتلارنىڭ زوراۋانلىقى، زۇلۇمى، كاپىرلىقى توسالغۇ بولۇۋالدى.

بۇ زالىملار ئەگەر قادىر بولغان بولسا ھاۋانى ئۆز خەلقىدىن چەكلەشتىنمۇ يانمايدىغان ھايۋاندىنمۇ پەس ئاسىيلاردۇر.!!

شۇنىڭ ئۈچۈن تاجاۋۇزچى تاغۇتلارنىڭ توسۇشى ۋە ئۇلار ئىلىپ بېرىۋاتقان ئۆلتۈرۈش، تۇرمىگە سولاش، ئازابلاشلار قارىماستىن.. ھەرقايسى جايلاردىكى قېرىنداشلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە قىزىقىشىغا جاۋاب بىرىش ئۈچۈن.. ۋە بىز يېزىۋاتقان ۋە تارقىتىۋاتقان تەتقىقات ۋە ماقالىلىرىدىن ئۇلارنىڭ خەۋەردار بولۇشىنى ئاسانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تور بېكەت قۇرۇلدى .!!

بۇ تور بېكەت ـاللەنىڭ پەزلى ۋە ئىنئامى بىلەن ـ ھەققانىيەت تۇغرا، ئوچۇق شەكىلدە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلدى...

بىز قېرىنداشلىرىمىزغا بۇ تور بېكەت تاقىلىشتىن بۇرۇن ۋە بىز كۈتۈپ تۇرغان زالىم تاغۇتلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇشتىن بۇرۇن بۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىشنى تەۋسىيە قىلىمىز...!!

شەيخ ئەبۇ بەسىيرنىڭ مۇجاھىدلارغا بولغان مەيدانى

شەيخ ئەبۇ بەسىرنىڭ جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنىڭ نۇسرەت قازىنىشىغا بولغان تونۇشى ۋە ئۇلارنى ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان ئۆلىمالارنى مۇھاپىزەت قىلىشى توغرىسىدا تۇرغۇنلىغان مەيدانلار بار.

سىز ئالجىرىيە مۇجاھىدلىرىنىڭ بۇ خېتىنى كۆرۈپ، بۇ خەتتە ئۇلارنىڭ شەيخكە قانداق خىتاب قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ بېقىڭ .!! (اللە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ساقلىسۇن).

خەتنىڭ مەزمۇنى

ئالجىرىيەدىكى دەۋەت ۋە ئۇرۇشنىڭ سەلەپلەر

ئەقىدىسىدىكى جامائەتنىڭ مۇجاھىدلىرىدىن پەزىلەتلىك شەيخ ئەبۇ بەسىر تەرتۇسىغا:

فإنّا نحمد إليك الله الذي لا إله إلاّ هو فإنّه للحمد أهل ونصلّي ونسلّم على سيدنا محمد وعلى آله وصحبه وسلّم .

بىز بۇ سۆزلەرنى ئالجىرىيە زېمىنىدىكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا تۇرۇپ سىلەرگە يېزىۋاتىمىز.

بىزنىڭ سىلەرنىڭ ئىنتېرنېت توربېتىڭلارنى كۆرۈپ قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىمىزنى الله بىلىدۇ.

بىز سىلەرنىڭ كىتابلىرىڭلاردىن، يوليورۇقلىرىڭلاردىن، بۇلانغان ئىسلام شەھەرلىرىدە جىھاد قىلىۋاتقان جامائەتلەرگە قىلغان نەسىھەتلىرىڭلاردىن كۆپ پايدىلاندۇق.

بىز شەيخىمىزنى بىزنىڭ يېنىمىزدىكى مۇرتەد ھاكىملارغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان جىھاد خەۋەرلىرىدىن مەخپىي قالىدۇ دەپ ئويلىمايمىز. بىز ھېلىمۇ ـ ھەم ئۇلار بىلەن ئون يىلدىن بىرى ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز. لېكىن سىلەرگە يېتىدىغان خەۋەرلەرنىڭ ئازلىقى، سىلەر بىلەن ئۇچرىشالماسلىق، بىزنىڭ يېنىمىزدىكى رېئاللىقتا ئارىلىشىپ كەتكەن يالغانچىلىقلار كۆپ بولغانلىقى ..

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى دەۋەتچىلەر ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئېڭىدىكى جىھادىمىزغا ماس كەلمەيدىغان سۈرەتنى بېرىدىغان سەۋەپلەردۇر.

دەۋەتچىلەر، رەببانى ئۆلىمالار ۋە ئۇلارنىڭ يولىيورۇقلىرى ۋە نەسىھەتلىرىنىڭ نۇسرەت قازىنىشىغا بىزنىڭ يېنىمىزدىكى مۇجاھىدلارنىڭ قانچىلىك قىزىقىدىغانلىقىنى اللە بىلىدۇ.

وقد قال عليه الصلاة والسلام"الدّين النصيحة"

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «دىن دېگەن نەسىھەت»

## سومالى مۇجاھىدلىرىنىڭ شەيخ ئەبۇ بەسىرگە ئەۋەتكەن خېتى

بسم الله الرحمن الرحيم

شيخنا الفاضل / السلام عليكم ورحمة الله وبركاته

سومالىدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلارنىڭ ئۇرۇش

مەيدانىدىكى مۇجاھىدلارغا مۇھىم بولغان بىر قىسىم سوئاللىرى بار بىز سىلەردىن بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاندىن مۇجاھىدلار سوئاللىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شەيخ ئەبۇ بەسىر بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ.

سىز بۇنى بىلمەكچى بولسىڭىز [(الإجابة الشَّرعيّة عن الأسئلة الصوماليّة ) (سومالى مۇجاھىدلىرىغا شەرئى جاۋاب)»قا مۇراجىئەت قىلىڭ!!

شەيخ ئەبۇ بەسىرنىڭ ئۇنتۇلۇپ قىلىشقا بولمايدىغان مەيدانى شۇكى سەئۇدى قانۇنىنىڭ كاپىرلىقى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكى ۋە ئىراقتىكى جىھادنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۇ ـسەئۇدى مەملىكىتى مىنىستىرلار مەھكىمىسىدىكى مەسلىھەتچى-ئۇبەيكاننى مۇنازىرىلىشىشكە چاقىردى.

شەيخ ئەبۇ بەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ كىشى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن بىز شۇنداق دەيمىزكى الله سىلەرگە مەڭگۈ سىلەرنى غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشلارنى باقى قىلسۇن..

ئى ئۇبەيكان! مۇنازىرە قىلىش ئىشىكى ھېلىمۇ ـھەم ئوچۇق.. ئەگەر سەن بۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلساڭ .. سەن ۋە

ئەگەشكۈچىلىرىڭ ھەققە ئىنساب بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ مەن سىنى قايتا يېڭىدىن مۇنازىرىگە چاقىرىمەن.. چۈنكى مەن سەندىن باشقا كىشى بىلەن مۇنازىرە قىلىشنى قوبۇل قىلمايمەن.. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى سىنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشىڭ ۋە رىياخورلۇقۇڭ بەك كۆپ بولۇپ كەتتى.. سىنىڭ قېرىنداشلارغا ۋە مۇجاھىدلارغا ناھەق يوللار بىلەن چوڭچىلىق قىلىشىڭ بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، زالىملار سەندىن تولىمۇ خۇشال بولدى!

بىز سىنى مۇنازىرە قىلىشقا چاقىرىمىز، شۇنى بىلىپ قويغۇنكى سەن تىنىچ ـخاتىرجەم بولغىنىڭ بىلەن بىز ئۇنداق ئەمەس؛ چۈنكى سەن تاغۇت ھاكىملار ۋە ئۇلارنىڭ بۇزۇق تۈزۈمى سەندىن رازى بولىدىغان يولنى تاللايسەن، بىز بۇنىڭغا قارشى يولنى تاللايمىز.. شۇنداق بولسىمۇ بىز بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايمىز. چۈنكى بىزگە الله يېتەرلىك ، الله ئەڭ ياخشى مەدەتكار!

مەن ساڭا ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇنازىرە تېمىسى بەلگىلەپ بېرەي ؛ بۇ سىنىڭ ئۇ توغرىسىدا كۆپ مۇنازىرە قىلىش بىلەن تونۇلغان خۇسۇسىيىتىڭدۇر:

1ـ سەئۇدى قانۇنىنىڭ ھۆكۈمى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكى.

2ـ ئىراقتىكى جىھادنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكى.

ئەگەر بۇ پىكىر كۆڭلۈڭگە ياقسا ساڭا ئىش ئىگىلىرىڭ ساڭا رۇخسەت قىلسا سەن مۇناسىپ كۆرگەن ئورۇننى تاللا مۇنازىرلىشەيلى!

شەيخ ئەبۇ بەسىرنىڭ ئۇنتۇلۇپ قىلىشقا بولمايدىغان يەنە بىر مەيدانى شۇكى ئۇ ئالجىرىيەدىكى تاغۇت ھاكىملارغا قارشى جىھاد قىلىشنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

الجواب: الحمد لله رب العالمين.

مىنىڭ ئالجىرىيەدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا بولغان مەيدانىم شۇكى: مەن بۇنىڭغا شەھەرلەر ۋە اللهنىڭ بەندىلىرىگە كۈپۈرلۈق، زۇلۇم ، تۇمۇر، ئوت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كاپىر، تاغۇت، ياللانما، بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ تۈزۈمىگە بولغان مەيداندا بولىمەن..

قۇرئان ۋە سۈننەت ئۇنىڭغا جىھاد قىلىش ۋە قارشى تۇرۇشنىڭ ۋاجىبلىقىغا تېكىست كەلتۈرگەن تۈزۈملەر ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشمىز ياكى مۇسۇلمان خەلقلەرنى جىھاد قىلىشتىن ۋە ئۇلارغا قارشى قوزغىلىشتىن ۋە

ھەقلىرىنى ۋە تاجاۋۇزچىلىقتا ئۇچرىغان ھۆرمىتىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتىن چەكلىشىمىزدىن ۋە ئىلمى ئامانەتنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. باشقا ھەرقانداق تۈزۈم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

شەيخ ئەبۇ بەسىرنىڭ ئۇنتۇلۇپ قىلىشقا بولمايدىغان يەنە بىر مەيدانى شۇكى ئۇ ئۇرۇشتىن بۇرۇن ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن تالىبانلارنى قوللايدىغانلىقى ۋە كۈۋەيتتە يۈز بەرگەندىكىدەك ئامېرىكا كۈچلىرىنى نىشان قىلغان مۇجاھىدلارنىڭ بىر قىسىم ئەمىلى ھەرىكىتىنى قوللايدىغانلىقى توغرىسىدا پەتىۋا بەردى.

شەيخ ئەبۇ بەسىر مۇنداق دەيدۇ: كەندەري ۋە ھاجىري(الكندري والهاجري) دىن ئىبارەت ئىككى مۇجاھىدىنىڭ ئۇرۇش قىلىۋاتقان ۋە كۈۋەيتنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىۋاتقان ئامېرىكا كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان جىھادى ئەمىلى ھەرىكىتى قانۇنلۇق جىھادتىن ئىبارەت. ئۇ الله يولىدىكى جىھادنىڭ قاتارىدىن.. ئۇ توغرا يولدىكى بىر قەدەم، بىز اللهدىن ئىككى مۇجاھىدىنىڭ شەھىدلىكىنى قوبۇل قىلىشىنى ئۇلارنى سىددىقلار ۋە پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرگە قىلىشىنى سورايمىز.

ئۇرۇش قىلىۋاتقان ۋە كۈۋەيتنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا

مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىۋاتقان ئامېرىكا كۈچلىرى بىخەتەرلىكنى قوغدايدىغان كۈچلەر بولۇپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش دۇرۇس ئەمەس چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن تىنچ ، دوستانە ئۆتىۋاتىدۇ.. دەپ بىلجىرلاش توغرا سۆز ئەمەس، بۇ سۆزنى پەقەتلا تىنچ ، دوستانە ئۆتۈشنى بىلمەيدىغان ياكى قەبىھ مۇناپىق كىشى دەيدىغان سۆزدۇر.

شەيخ ئەبۇ بەسىرنىڭ ئۇنتۇلۇپ قىلىشقا بولمايدىغان يەنە بىر مەيدانى شۇكى ئۇ ھازىر سومالىدا بولۇۋاتقان جىھادنى قوللىدى.

شەيخ ئەبۇ بەسىر يول گېزىتى مۇخبىرىنىڭ: سىزنىڭ سومالىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا بولغان مەيدانىڭىز قانداق؟ ئۇ جىھادمۇ ياكى ھاكىمىيەت بىلەن قارشىلىشىشمۇ؟ ياكى ئۇ نېمە ؟ دەپ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

شۇڭا شەيخ شەرىف كە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇندىن باشقا سۇمالىغا ئۇرۇش قىلىۋاتقان ۋە ئۇرۇش قىلىشنى پىلانلاۋاتقان ئۇنىڭ ناسارا ياردەمچىلىرىگە قارشى تۇرۇش الله يولىدىكى ئەڭ چوڭ جىھاد ھىسابلىنىدۇ.. ئۇ تاجاۋۇزچى دۈشمەننى چېكىندۈرىدىغان جىھادنىڭ قاتارىدىن ..

مەن الله تعالى دىن مۇجاھىدلارنى مۇھاپىزەت قىلىشنى

ۋە ئۇلارغا دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم بېرىشىنى سورايمەن. (بۇنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز شەيخنىڭ يول گېزىتى مۇخبىرى بىلەن بولغان سۆھبىتىگە مۇراجىئەت قىلىڭ)

يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزدىن ھەرگىزمۇ شەيخ مۇجاھىدلار بىلەن ئىختىلاپ قىلىشمايدۇ دېگەننى ئۇقتۇرمايدۇ. بەلكى ئۇ بەزى ئىجتىھادلىرىدا ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان مەيداندا بولىدۇ.

بەلكى بۇ يەردە مەقسەت قىلىنغىنى شەيخنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش ۋە ئۇنىڭ بۇنداق ئىختىلاپلارنى ئىلمى ۋە ئەمەلى ئىزدىنىشلەر بىلەن ھەل قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەشتۇر.

شەيخ زەۋاھىر (الشيخ الظواهري حفظه الله) شەيخ ئەبۇ بەسىر ۋە شەيخلەرنىڭ بىرىنى مەدھىيەلەش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قاچانكى ئىختىلاپ پەيدا بولسا بىز ئۇنىڭ بىلەن ھەقكە يېتىشنى ۋە ئىسلامنىڭ نۇسرەت قازىنىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىلمى ۋە ئەمەلى ئىزدىنىش بىلەن پەيدا بولغان ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز.

مەن بۇ ئىككى شەيخنىڭ دەرىجىسىنى ياكى بىرەر سۆز ياكى پىكىردە ئىختىلاپ قىلىدىغان ھەرقانداق

راستچىل ئالىمنىڭ دەرىجىسىنى چۈشۈرگەن كىشىگە قوشۇلمايمەن.

شەيخ ئەبۇ بەسىير مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۆلىمالارنى ھۆرمەت قىلىمىز..

بىز ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ھەقلىرىنى ئېتىراپ قىلىمىز.. ئۇلار خاتالىشىپ كەتكەن ئىشلار توغرىسىدا چۈشەنچىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.. لېكىن ئۇلارنى خاتالىقلاردىن پاك ياكى خاتالاشمايدۇ ياكى ئۇلارغا سىلەر خاتالاشتىڭلار دېيىش توغرا ئەمەس دەپ ئېتىقاد قىلمايمىز..

ئۇلارغا خاتالاشقان ئىشلاردا يان باسمايمىز.. خاتالاشقان ئىشلاردا ئۇلارغا ئەگەشمەيمىز.. چۈنكى ھەق بىزنىڭ ئەگىشىشىمىزگە ئەڭ لايىق.. ھەق بىزگە ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر..

مانا بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز، بىز مۇشۇ ئەقىدىگە چاقىرىمىز.

## شەيخ ئەبۇ بەسىيرنىڭ دەۋەت پائالىيەتلىرى

شەيخ ئەبۇ بەسىيرنىڭ ھەرقانداق ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىغا زۆرۈر بولغان نۇرغۇن دەرسلىرى، تۈزگەن ئەسەرلىرى، ماقالىلىرى، ئىلمى توپلاملىرى بار ..

شەيخ ئەبۇ بەسىيرنىڭ:
«كاپىرغا نىسبەت بېرىش قائىدە پىرىنسىپلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ شەرھىسى 26 قىسىم لىنتىغا ئېلىنغان.
« لا اله إلا الله » شەرتلىرى دېگەن كىتابىنىڭ شەرھىسى 12قىسىم لېنتىغا ئېلىنغان.
«ئىگىسىنى دىندىن چىقىرىدىغان ئەمەللەر»دېگەن كىتابىنىڭ شەرھىسى 19قىسىم لېنتىغا ئېلىنغان.
« تهذيب العقيدة الطحاوية » ناملىق كىتابىنىڭ شەرھىسى تولۇق بولمىغان.
شۇنىڭدەك شەيخنىڭ نۇرغۇنلىغان لېكسىيە ۋە خۇتبىلىرى شەيخنىڭ تور بېكىتىنىڭ ئاۋازلىق ئەسەرلەر سەھىپىسىدە بار.

## شەيخ ئەبۇ بەسىيرنىڭ يازغان ئەسەرلىرى

شەيخنىڭ ئىلمىنىڭ بەرىكەتلىرى كىتابىدا ئاشكارا بولدى. شەيخ ئەبۇ بەسىيرنىڭ چوڭ ھەجىمدىكى نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلىرى بار بولۇپ ئۇنىڭ ئىچىدە تەۋھىدكە دەۋەت قىلىدىغانلىرى ۋە شىرىكنى ئومۇمىيۈزلۈك ـمەيلى قەبرە شېرىكى بولسۇن ياكى قەسىر

شېرىكى بولسۇن بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى شېرىكلەرنى ـ بايان قىلىدىغانلىرى بار.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە دىمكىراتىيە، ئىلمانىزىم، ئىنسانشۇناسلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك، ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بەندىنىڭ بەندىگە قۇل بولۇشىغا ئۇل سالىدىغان ھازىرقى زاماندىكى باتىل مەزھەپلەرگە ئوخشاش ئاسىي تاغۇتلارنىڭ يولىنى بايان قىلىدىغانلىرى بار.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە بۇگۈن ئىلىم دەپ ئاتالغان نۇرغۇن كىشىلەر بېخىللىق قىلىۋاتقان ھەق سۆزلەر بار.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە بۇ دىنىنىڭ ئەخلاق قائىدىلىرى بىلەن مۇجەسسەملەنگەن ھەددىدىن ئېشىپمۇ كەتمىگەن ۋە سەل قاراشمۇ بولمىغان.. الله يولىدا جىھاد قىلىشقا چاقىرىدىغانلىرى بار..

بۇ ئەسەرلەر تۆۋەندىكىچە:

**هذه عقيدتنا وهذا الذي ندعو إليه.**

**• الانتصار لأهل التوحيد والرد على من جادل عن الطواغيت.**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىشى

• شروط لا إله إلا الله.
• الطاغوت.
• حكم الإسلام في الديمقراطية والتعددية الحزبية.
• قواعد في التكفير.
• الشيعة الروافض طائفة شرك وردة.
• أعمال تُخرج صاحبها من الملة.
• مُذكَّرَةٌ في طلَبِ العلم.
• فِقْهُ الاختِلافِ عِنْدَ أهل السُنَّةِ وأهلِ البدَع.
• حكم تارك الصلاة.
• العذر بالجهل وقيام الحجة.
• الجِّهَادُ والسِّياسَةُ الشَّرعِيَّةُ؛ مُنَاصَحَةٌ ومُكَاشَفَةٌ للجَمَاعَاتِ الجهاديَّةِ المُعَاصِرَةِ.
• مُبادرةُ الجماعة الإسلامية المصرية اعترافٌ بالخطأ أم انهيارٌ وسقوط.
• مُصْطَلَحَاتٌ ومَفَاهِيمٌ شَرْعِيَّةٌ عَلاهَا غُبَارُ تَأويلاتِ.
• وَتَحْرِيفَاتِ المُبْطِلِين "وهذا الكتاب لم ينته من الشيخ إلى اللحظة".
• صِراعُ الحَضَارات مَفهُومُهُ، وحَقِيقَتُهُ، وواقِعُه.
• من دَخَلَ ديارَ غير المسلمين بعهدٍ وأمانٍ؛ ما لَهُ وما عليه.
• البَلاءُ أنواعُهُ ومقاصِدُه.
• الغُلامُ والملِك.
• الهجرة مسائل وأحكام.
• تنبيه الدعاة المعاصرين إلى الأسس والمبادئ التي تعين على وحدة

المسلمين.

• تنبيه الغافلين إلى حكم شاتم الله والدين.

• صفة الطائفة المنصورة التي يجب أن تُكثِّر سوادَها.

• حُقُوقٌ وواجِبَاتٌ شَرَعَهَا اللهُ للعِبَاد.

• الطريق إلى استئناف حياة إسلامية وقيام خلافة راشدة على ضوء الكتاب والسنة.

• حكم استحلال أموال المشركين لمن دخل في أمانهم وعهدهم من المسلمين.

الردود العلميّة المنهجيّة:ـ

وللشيخ مجموعة ضخمة من الردود منها على سبيل المثال لا الحصر :ـ

• الرد على سلمان العودة في مسألة تكفير الأعيان.

• مناقشة قول الشيخ سلمان العودة في مسألة الخروج على أنظمة الحكم في بلاد المسلمين.

• ذّباً عن عِرض أخينا الشيخ أبي محمد المقدسي فكّ الله أسره.

• إرشاد ذوي البصائر من مجاهدي أهل الجزائر لما في هذه المرحلة من مخاطر.

• تعقيب على " مسألة مهمة في أحكام الشركات " الواردة في مجلة

نداء الإسلام.

• أجوبة على أسئلة وجهت من قِبل مجلة الكلمة الطيبة.

• تصويباتنا لرسالة "هذه عقيدتنا" لأخينا أبي محمد المقدسي.

• وقفات مع الشيخ سفر في بيانه للأمة عن الأحداث، وخطابه المفتوح إلى الرئيس بوش.

• ولنا كلمة .. نظرة شرعية لميثاق الشرف الوطني الذي طرحه الإخوان المسلمون السوريون.

• مناقَشَةُ أدِلَّةِ واعتِراضاتِ المخالِفِين حولَ العملياتِ الاستشهاديّة.

• ردود وملاحظات على رسالة " مجمل مسائل الإيمان العلمية في أصول العقيدة السلفية ".

قالغانلىرى شەيخنىڭ تور بىكىتىدە بار.

ئۇنىڭ بىرقىسىم مۇھىم بولغان تەتقىقاتلىرى ۋە ماقاللىرى تۆۋەندىكىچە:

• مسائل هامة في بيان حال جيوش الأمة.

• دِراسَةٌ شَرعِيَّةٌ في بيانِ حُكمِ المُشارَكَةِ في المَجالِسِ التَشْريعِيَّة.

• لماذا الجهاد في سبيل الله .. ؟.

• لماذا الجهاد في سبيل الله .. الجزء الثاني.

• حكم موالاة ومظاهرة المشركين على الإسلام والمسلمين.

• فصل الكلام في مسألة الخروج على الحكام.

- السُّلَّمُ التَّدْرِيجيُّ في طَلَبِ العِلْمِ.
- الضوابطُ المُثلى في كيفية التعامل مع الدعاةِ والعلماء.
- الإعداد أنواعه ـ حكمه ـ أهميته.
- أسباب فشل بعض الحركات الجهادية في عملية التغيير.
- لماذا الحُكمُ بما أنزلَ اللهُ ..؟.
- آدَابُ وضَوابِطُ النَّقْدِ والنَّصِيحةِ في الإسلامِ.
- مذاهب الناس في الشيخ محمد ناصر الدين الألباني.
- حكم الجاسوس.
- حالات يجوز فيها إظهار الكفر.
- كيف نربي أبناءنا في بلاد الغرب ..؟.
- صفة مساجد ضرار التي يجب اعتزالها.
- حكم الاستئناف لطلب اللجوء السياسي في دار الكفر.
- كلمات تقوم بهنَّ الحُجَّة على الآخرين.
- أحكام ومسائل رمضانيَّة.
- حَمَاس .. والنَّفَقُ المُظلِم.
- ألَمْ نقُلْ لكُم إنَّ الطالِبانَ أكابر ..؟.
- كَلِمَاتٌ حَولَ الجِهادِ في العِراق.
- نَظرَةٌ شَرعيَّة لمستقبل سوريَّة الأبيَّة.
- ركائِزُ الحُكمِ في الدَّولَةِ الإسلاميَّةِ.
- التَّوحِيدُ .. قَبلَ الأمنِ والأمَانِ.
- هؤلاء أخافُهُم على الجهادِ والمجاهدين.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقاتقۇچىسى

• **كُفرٌ إضافي للنظامِ السعودِي.**
• **الوحدةُ بين السُّنَّةِ والشيِّعَةِ.**
• دَعوةٌ إلى العصيانِ المدَني.

نسأل الله أن يحفظ شيخنا ويبقيه لنا وأن يرزقه حسن الختام و الثبات في زمان التراجعات , هو وجميع مشايخنا العاملين بعلمهم , والمبتلين في سبيل نصرة لا إله الا الله.

اللهم آمين

وصلي اللهم على النبي محمد وعلى اله وصحبه وسلم.

----------------------

" تنبيه " : كل ما في هذه الترجمة من معلومات عن الشيخ هو مجموع من كتابات الشيخ كما هو موضّح , وهذا ما تيسّر لنا معرفته عن الشيخ حفظه الله , ولقد أحلت كل معلومة ذكرتها لمصدرها , عسى الله أن يمنّ على شيخنا بكتابة سيرة لنفسه يعرّفنا فيها بنفسه أكثر .

يقول الشيخ أبو بصير : الشيخ رحمه الله ممن عرفتهم عن قرب .. وكان لي معه عدة لقاءات .. بعضها كان في منزله في عمان .. فشهادتي فيه ـ على ما بيننا وبينه من خلاف في بعض المسائل والتوجهات ـ : أنه رجل من أهل العلم .. والأدب .. والحياء .. والمروءة .. والكرم .. والنجدة .. وممن عظم بلاؤهم في الله .. ولا نزكي أنفسنا وإياه على الله .. أسأل الله تعالى أن يرحمه، وأن يعفو عنا وعنه، اللهم آمين. } ص 12 من مراسلات وأوراق قديمة **

موقع الشيخ حفظه الله هو : www.abubaseer.bizland.com/

وللشيخ موقع اخر على الشبكة ولكنّ الشيخ لا يعمل فيه , وهو يمكّنك من قراءة جميع كتب

www.altartosi.comالشيخ بطريقة مفهرسة على الشبكة :ـ

وهذا الرابط موقع الشيخ ,حيث يمكنك قراءة جميع كتب الشيخ بالطريقة المفهرسة , وحجمة

12http://altartosi.com/altartosi.zip ميغا بايت فقط!

وبريد الشيخ الإلكتروني هو :ـ

tartosi@tiscali.co.uk

ورقم هاتف الشيخ هو :ـ

7908619033(0)/0044

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى

## مۇقەددىمە

إن الحمد لله نحمده ونستعينه ونستهديه، ونعوذ بالله من شرور أنفسنا ومن سيئات أعمالنا، من يهده الله فلا مضل له، ومن يُضلل فلا هادي له. وأشهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له، وأشهد أن محمداً عبده ورسوله.

بارلىق ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا خاستۇر، اللهقا ھەمدۇ ئېيتىمىز. اللهدىن ياردەم ۋە توغرا يولغا يېتەكلەشنى سورايمىز، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن اللهقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز، الله ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوق، الله ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى يوق. اللهدىن باشقا ئىلاھ يوق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن.

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنْتُمْ مُسْلِمُونَ ﴾آل عمران:**102**.

( ئى مۇئمىنلەر! الله قا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار،

پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار [102].)سۈرە ئال ئىمران102-ئايەت

﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ مِنْ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالاً كَثِيراً وَنِسَاءً وَاتَّقُوا اللَّهَ الَّذِي تَسَاءَلُونَ بِهِ وَالْأَرْحَامَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيباً ﴾النساء:**1**.

﴿ ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان الله تىن قورقۇڭلار، سىلەر ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر [1].﴾سۈرە نىسا 1-ئايەت

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلاً سَدِيداً . يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزاً عَظِيماً ﴾الأحزاب:**71**.

﴿ ئى مۆمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار

[70]. ﷲ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى ﷲ قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ [71].﴾سۈرە ئەھزاب 69ـ71ـئايەت

مەقسەتكە كەلسەك: ئەڭ ئىشەنچلىك سۆز اللهـﷻـنىڭ كىتابتۇر، ئەڭ توغرا يول مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر. ئەڭ قەبىھ ئىش يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلاردۇر، ھەرقانداق يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىش بىدئەتتۇر، ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر، ھەرقانداق ئازغۇنلۇق جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدۇ.

مۇسۇلمان دۇنيا ھاياتىدا چوقۇم ـئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتەـ الله ﷻ ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئىنتىلىشى.. ـئەڭ مۇكەممەل ھالەتتەـ دىن ۋە ئىبادەتنى ئادا قىلالايدىغان ۋە دىننى ئاشكارا قىلالايدىغان ۋە مەخلۇقاتلار ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان مەقسەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان بىر زېمىننى ئىزدىشى كېرەك .

بىلىپ قويۇڭلاركى، اللهنىڭ مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتىكى مەقسىتى ئۇلارنىڭ يېگانە اللهغا ئىبادەت

قىلىشى ئۈچۈندۇر:

**قال تعالى:﴿ وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ﴾الذريات:56**

( جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم [56])  سۈرە زارىيات 56-ئايەت

**وقال تعالى:﴿ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ ﴾البينة:5**

( ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر [5])  سۈرە بەييىنە 5- ئايەت

شۇڭا جىھاد مەۋجۇت بولىدىكەن ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرىگە جىھاد قىلىنىدىكەن ھىجرەت مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ.. ئاسمان زېمىن مەۋجۇت بولىدىكەن جىھاد ئەبەدىي داۋام قىلىدۇ.. جىھاد ھەرقانداق ياخشى ۋە پاسىق كىشى بىلەن ۋە ئىمام ۋە ئىمامسىز ھالەتتە قىيامەتكىچە داۋام

قىلىدۇ.. شۇڭا ھىجرەت بىلەن جىھاد بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان ئىككى يولدۇر.. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر.

كىمكى پەرز جىھادنى بەرپا قىلماقچى بولسا ئۇ چوقۇم قەلبىدە پەرز ھىجرەتنى ۋە الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەر تەرەپكە يۈزلىنىشنى بەرپا قىلىشى ۋە ئىسلام لاگىرى ۋە ئىسلام جامائىتى قەيەردە ۋە قايسى ۋاقىتتا تېپىلىدىكەن بىر پۈتۈن ئىسلام لاگىرى ۋە ئىسلام جامائىتىگە يۈزلىنىشى كېرەك .. ئۇ دىنى ئۈچۈن تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ۋە شەرىئەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە سىياسىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە جاھىلىيەت جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ لاگېرىدىن -ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە- ئايرىلىشى كېرەك ..

ھىجرەت -ئۆزىنىڭ ئومومى مەنىسى بىلەن- پەرز جىھادنى بەرپا قىلىش، ئىسلامى ئەمەللەرنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ئىسلامى ھاياتنى پۈتكۈل ھاياتقا تەتبىقلاشنى نىشان قىلغان ، ئىسلام ۋە اللەغا دەۋەت قىلىشنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ۋە ئاسمانلار، زېمىن ، تاغلار ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتقان ۋە مۇشەققەت ھېسابلىغان، ئىنسان ئۈستىگە ئالغان ئۇلۇغ ئامانەتنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىش سەۋىيەسىنى يۇقىرى

كۆتۈرىدىغان مۇسۇلمانسىز ئىسلامى ئەۋلادلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر ، مۇھىم بولغان بىر باشلىنىشتۇر..

ئامانەتنىڭ بۇ سەۋىيەگە يېتىشى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان تەرەققىياتلاردىن ھېچقانداق نەرسىنىڭ ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىن يەنى جاھىلىيەت جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئاپپاراتلىرىدىن تولۇق ئايرىلماي تۇرۇپ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمايدۇ..!

بۇ تەرەققىياتلاردىن ھېچقانداق نەرسىنىڭ بايراقلىرى، چۈشەنچىلىرى، تەسەۋۋۇرلىرى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن.. بىر تەرەپتىن ھەق ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئوتتۇرىسىدا ، يەنە بىر تەرەپتىن باتىل ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئوتتۇرسىدىكى مەۋھۇم بولغان ئارىلىشىپ تىنچ ياشاش مۇھىتىدا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى ۋە ئۆمرىنى، ئىگە بولغان بارلىق نەرسىلىرىنى زالىم تاغۇتلار يولىدا تەقدىم قىلىۋاتقان ھالەتتە بۇ تەرەققىياتلاردىن ھېچقانداق نەرسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

بۇ ھەرگىزمۇ زۆرۈرىيەت ۋە شەرئى مەنپەت ۋە سىياسەت تەقەززا قىلغىنى بويىچە دەۋەتنى قورشاپ تۇرغان ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى بىلەن ئالاقە قىلماسلىقنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى مەقسەت قىلمايدۇ.. ياق ھەرگىزمۇ بۇنى

مەقسەت قىلمايمىز، بەلكى بۇ ئالاقە ئەسلى نىشان بولۇپ قالماسلىقى ۋە دائىملىق ئادەتكە ئايلىنىپ قالماسلىقىنى مەقسەت قىلىمىز.

بىز بۇ ئاشكارا ئارىلىشىشنىڭ زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياجىنىڭ تەقەززاسى ۋە اللهغا دەۋەت قىلىشنىڭ مەنپەئەتى تەقەززا قىلغىنى بويىچە ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقان ئاساستا، ھېس تۇيغۇدا ئۇلاردىن دائىم ئايرىلىپ تۇرغان ھالدا بولۇشى كېرەك .

**كما في الحديث:" خالطوهم بأجسادكم . إن كانت الخلطة لا بد منها . وزايلوهم بأعمالكم ".**

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « ئۇلار بىلەن -ئارىلىشىشقا توغرا كەلسە - جەسەدىڭلار ئارقىلىق ئارلىشىڭلار، ئەمەلىڭلاردا ئۇلاردىن ئايرىلىڭلار.»

يەنە بىر تەرەپتىن -ھىجرەتنىڭ جىھاد ئۈچۈن ۋە مۇشۇ دىنىنىڭ غەلىبە قىلىشى، دىنىنىڭ كەلىمىسىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى، ئىبادەت ۋە دىنىنىڭ خاتىرجەملىكىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيىتى بولسىمۇ-.. مۇسۇلمانلار شەھىرى شۇنچە كەڭرى تۇرۇپ تەۋھىد ئەھلى

مۇسۇلمانلارغا تار كەلدى.

مالامەتلەرگە دۇچ كەلگەن، تۈيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىغان ھۆرمەتلەر دەپسەندە قىلىنغان ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ پاناھلىنىدىغان ئەڭ خاتىرجەم دىيارى يوقىتىلدى..!

ھەربىر دۆلەت پۇقرالىرى خەتەرگە دۇچ كەلگەندە پۇقرالىرىنى دۆلىتىگە قايتىپ كېلىشكە چاقىرىدۇ.. لېكىن مۇسۇلمانلار موھتاج بولغاندا ئۇلارنى چاقىرىدىغان، ئۇلارنى قوغدايدىغان ياكى دۆلىتىگە كېلىشكە چاقىرمىسىمۇ ئۇلارغا ئورۇن بېرىدىغان بىرمۇ دۆلەت يوق..

كاپىر دۆلەتلەر پۇقرالىرى باشقىلار تەرىپىدىن خەتەرگە ياكى تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىسا بىر پۇقرانىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىملىرى بولسا پۇقرالىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇلار ئۈممەتنىڭ كاپىر دۈشمەنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. مۇسۇلمان پۇقرالىرىنى كاپىرلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنى تازىلايدۇ، ئۇلارنى تەكشۈرۈپ تېپىپ تۈرمىلەرگە قامايدۇ. مۇسۇلمانلار خەتەرگە يولۇققان ۋاقىتتا ھاكىملار ئۇلاردىن قاچىدۇ. ھاكىملار بۇ ئەمەلى بىلەن كاپىرلارنىڭ دوستلۇقىنى ئارزۇ قىلىدۇ!

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلارنىڭ ماكانلىرىدىن ئايرىلىشى، ھاكىملارنىڭ كاپىر يەھۇدىي، ناسارالارنى رازى قىلىش ئۈچۈن -ئۆزلىرى داۋا قىلغان تېررورچىلارنى قوغلاش نامى بىلەن- مۇسۇلمانلارنىڭ ماكانلىرىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسلىق ھەقلىرىنى تارتىۋېلىشى نېمىدېگەن ئاسان ھە!

بۇ ھاكىملار تېررورچىلارنى قوغلاشنى داۋا قىلدى. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۆز خەلقى ۋە ۋەتىنىنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىش بىلەن تېررورچىلىق قىلىدۇ..

كۆپىنچە ۋاقىتتا نۇرغۇن مۇسۇلمانلارغا ئۆز شەھىرىدىكى بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىن بولغان، بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن سۆزلەيدىغان ھاكىملارنىڭ ياللانما جاللاتلىرىنىڭ تامچىلىرى ، قاپاق تۇرۇشلىرى، تەھدىت سېلىشى بىلەن، يۇرتىدىكى جاللاتلارنىڭ زۇلۇمىدىن قاتتىقراق بولغان ھىجرەت قىلغان شەھەردىكى ھاكىملارنىڭ قامچىلىرى، تەھدىت سېلىشىدىن ئىبارەت ئىككى زۇلۇمدىن بىرنى تاللاش ئىختىيارى بېرىلىدۇ . (يەنى ياكى يۇرتىدىكى زالىملارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا ئۇچرايدۇ ۋە ياكى ھىجرەت قىلغان جايدىكى زالىملارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا ئۇچرايدۇ ) بۇزۇقچىلىق ۋە خەتەرلەرنى سېلىشتۇرغاندا بۇ خىل تاللاش قىيىن بولىدۇ!

مۇسۇلمانلار بۇندىن بۇرۇن تونۇپ باقمىغان ئاچچىق

رىئاللىق ئىچىدە ـ شۇڭا بىز ئەمەلنى قانداق تىرىلدۈرىمىز؟
پەرز ھىجرەتنى قانداق تىرىلدۈرىمىز ؟
ھىجرەت قايسى دىياردىن قايسى دىيارغا بولىدۇ؟ مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارى بارمۇ؟؟!!
ئەگەر بىر دىيار تېپىلسا زېمىنىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا تارقالغان بىر مىلياردتىن كۆپ مۇسۇلمان ئاشۇ دىيارغا ھىجرەت قىلىش كېرەكمۇ؟..؟!

ھىجرەتنىڭ مەنىسى نېمە ؟
ھىجرەتنىڭ ھۆكۈمى نېمە ؟
ئۆز دىيارىنى تەرك ئېتىش مەقسەتمۇ؟
ھىجرەت قاچان ۋاجىپ بولىدۇ؟
ھىجرەت قاچان ۋاجىپ بولمايدۇ؟
ھىجرەت قىلىشتىكى سەۋەبلەر ، مەقسەتلەر، غايىلەر نېمە ؟

ئۇندىن باشقا قېرىنداشلار كۆپ سورايدىغان بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە بىز ـ الله خالىساـ مۇشۇ قىسقا تەتقىقاتىمىزدا جاۋاب بېرىمىز..
اللهدىن توغرىسىنى تېپىشقا ياردەم قىلىشىنى ۋە بۇ ئەمىلىمىنى قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن..
الله تعالى ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە كۆرۈپ

تۇرغۇچىدۇر.

**وصلى الله على سيدنا ونبينا محمد، وعلى آله وصحبه وسلّم**

2001يىلى12 ئاينىڭ 9كۈنى

1422/9/24. ھىجرىيە

**عبد المنعم مصطفى حليمة**

أبو بصير الطرطوسي

## ھىجرەتنىڭ مەنىسى

ھىجرەت:

لۇغەت مەنىسى- كۆچۈش ۋە بىر زېمىندىن يەنە بىر زېمىنغا چىقىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ .

شەرىئەتتىكى مەنىسى- الله يولىدا كاپىر دىياردىن ئىسلام دىيارىغا چىقىش ، قاتتىق پىتنە پاساتقا تولغان دىياردىن پىتنە پاسات ئازراق بولغان دىيارغا چىقىش دېگەن بولىدۇ.

ھىجرەت:

الله رازى بولىدىغان يۇرتنى ئىزدەش ۋە ئۇ يەرگە ئورۇنلىشىش، الله غەزەپلىنىدىغان يۇرتنى تەكشۈرۈپ چىقىش ۋە ئۇنىڭدىن الله تەرەپكە قېچىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ھىجرەت: مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشتۇر؛ ئۇ بىر نەرسىنى تەرك ئېتىش ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىشنى كۆرسىتىدۇ..

ئەگەر بىرنەرسە سۆكۈلسە ئۇنى تەرك ئېتىش مۇئەييەنلىشىدۇ.

ئەگەر بىر نەرسە ماختالسا ئۇ مەدھىيەلىنىدۇ ھەمدە ئۇنى تەرك ئېتىش هارام بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت

باغلىنىدۇ.

ھىجرەت ئىككى خىل بولىدۇ:

ئۆزىنىڭ ۋە دىنىنىڭ خاتىرجەملىكىنى ئىزدەپ كاپىر دىياردىن ئىسلام دىيارىغا، قاتتىق پىتنە پاساتقا تولغان دىياردىن پىتنە پاسات ئازراق بولغان دىيارغا چىقىش ۋە كۆچۈشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئورۇن خاراكتىرلىك ھىجرەتتۇر.

بۇ تۈردىكى ھىجرەتنى الله بەندىلىرىگە پەرز قىلدى، ھەمدە الله ئۇلارنى نۇرغۇن ئايەتلەردە بۇنىڭغا قىزىقتۇردى:

﴿ وَمَنْ يُهَاجِرْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يَجِدْ فِي الْأَرْضِ مُرَاغَماً كَثِيراً وَسَعَةً وَمَنْ يَخْرُجْ مِنْ بَيْتِهِ مُهَاجِراً إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ يُدْرِكْهُ الْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ وَكَانَ اللَّهُ غَفُوراً رَحِيماً ﴾النساء:100.

( كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم الله بېرىدۇ. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر [100]) سۈرە نىسا 100-ئايەت

**قال تعالى:﴿ وَالَّذِينَ هَاجَرُوا فِي اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مَا ظُلِمُوا لَنُبَوِّئَنَّهُمْ فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَلَأَجْرُ الْآخِرَةِ أَكْبَرُ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ ﴾النحل:41.**

( زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن الله يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئۇلار بىلىدىغان بولسا، ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭدۇر ) سۈرە نەھىل41-ئايەت

**وقال تعالى:﴿ ثُمَّ إِنَّ رَبَّكَ لِلَّذِينَ هَاجَرُوا مِنْ بَعْدِ مَا فُتِنُوا ثُمَّ جَاهَدُوا وَصَبَرُوا إِنَّ رَبَّكَ مِنْ بَعْدِهَا لَغَفُورٌ رَحِيمٌ ﴾النحل:110.**

﴿ ئاندىن (ئى مۇھەممەد!) زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغان. ئاندىن ( الله نىڭ يولىدا) جىھاد قىلغان ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغانلارغا پەرۋەردىگارىڭ (مەغپىرەت قىلىدۇ)، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ شۇنىڭدىن (يەنى ئۇلارنىڭ ھىجرەت، جىھاد ، سەۋر قىلغىنىدىن) كېيىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھمەت قىلغۇچىدۇر [110].﴾**سۈرە نەھل110-ئايەت**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

وقال تعالى:﴿ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ آوَوْا وَنَصَرُوا أُولَئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقّاً لَهُمْ مَغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ ﴾الأنفال:74.

﴿ ئىمان ئېيتقانلار، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) ـ ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئۇلار (نىڭ گۇناھى) مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (جەننەتتە) ئېسىل رىزىققا ئىگە بولىدۇ ﴾.[74]

وفي الحديث فقد صحَّ عن النبي ﷺ أنه قال:" برئت الذمة ممن أقام مع المشركين في ديارهم [أخرجه الطبراني وغيره، صحيح الجامع الصغير:]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە ئۇ: « مۇشرىكلار بىلەن ئۇلارنىڭ دىيارىدا بىرگە تۇرغان كىشىدە اللهنىڭ ئەھدىسى ئادا-جۇدا بولدى »دېدى . [تىبرانى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار نەقلى قىلغان، سەھىھ جامىئۇل سەغىير 2118-ھەدىس]

وقال ﷺ:" أنا بريء من كل مسلمٍ يقيم بين أظهر المشركين " قالوا: يا رسول الله ولِمَ ؟ قال:" لا تراءى نارَاهُما [صحيح سنن الترمذي: 1307.]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«مەن مۇشرىكلار ئارىسىدا تۇرغان ھەرقانداق مۇسۇلماندىن ئادا جۇدا»دېدى . ساھابىلەر: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! قانداق بولسا ئادا جۇدا بولمايسەن دېدى ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئىككىسىنىڭ ئوتى بىر-بىرىنى كۆرمىسۇن »دېدى . [سەھىھ سۇنەنى تىرمىزى 1307-ھەدىس]

**وقال ﷺ:" آمركم بخمس كلمات أمرني الله بهنّ: السمع والطاعة، والجماعة، والهجرة، والجهاد [الترمذي وغيره، صحيح سنن الترمذي: 2298]**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«مەن سىلەرنى الله مېنى بۇيرۇغان بەش سۆزگە بۇيرۇيمەن : ئۇلار ئاڭلاش، ئىتائەت قىلىش، جامائەت بولۇش، ھىجرەت قىلىش، جىھاد قىلىش»دېدى . [تىرمىزى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار نەقلى قىلغان،سەھىھ سۇنەنى تىرمىزى 2298-ھەدىس]

**وعن أبي فاطمة أنه قال يا رسول الله، حدثني بعمل أستقيم عليه وأعمله. قال له رسول الله ﷺ:" عليك بالهجرة، فإنه لا مِثل لها [صحيح سنن النسائي: 3885]**

ئەبۇ فاتىمەدىن نەقلى قىلىنىدىكى ئۇ: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنىڭ بىلەن ياخشىلىنىدىغان ۋە ئەمەل قىلىدىغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگىن!دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:« ھىجرەت قىلغىن! چۈنكى ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئەمەل يوق» دېدى . [ سەھىھ سۈنەنى نەسائى 3885-ھەدىس]

يەنى ھىجرەت قىلغان كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان ساۋاب ۋە ياخشىلىقنىڭ تەڭدىشى يوق.

**وعن جرير قال: أتيت النبي ﷺ وهو يبايع، فقلت: يا رسول الله، ابسط يدك حتى أبايعك، واشترط عليَّ، فأنت أعلم، قال:" أبايعك على أن تعبدَ الله، وتقيم الصلاة، وتؤتي الزكاة، وتُناصح المسلمين، وتفارقَ المشركين [صحيح سنن النسائي: 3893]**

جەرىردىن نەقلى قىلىنىدىكى ئۇ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەردىن بەيئەت ئېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم ۋە ئۇنىڭغا ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! قولۇڭنى ئاچقىن، مەن ساڭا بەيئەت بېرىمەن ، ماڭا شەرتنى ئوتتۇرىغا قويغىن. سەن ياخشى بىلىسەن دېدىم. ئۇ مۇنداق دېدى :« مەن سەندىن شۇنداق بەيئەت ئالىمدىكى سەن اللهغا ئىبادەت قىلىسەن، ناماز ئادا قىلىسەن، زاكات بېرىسەن،

مۇسۇلمانلارغا سەمىمىي بولىسەن، مۇشرىكلاردىن ئايرىلىسەن» [ سەھىھ سۇنەنى نەسائى 3893-ھەدىس]

**وقال ﷺ:" إني بريء من كل مسلم مع مشرك .. ألا لا تراءى نارهما [صحيح سنن أبي داود: 2420.]**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « مەن مۇشرىكلار بىلەن تۇرغان ھەرقانداق مۇسۇلماندىن ئادا جۇدا .. بىلىپ قويۇڭلاركى ئىككىسىنىڭ ياققان ئوتى كۆرۈلمىسۇن » دېدى .. [ سەھىھ سۇنەنى ئەبۇ داۋىد 2420-ھەدىس]

بۇ مۇسۇلماننىڭ مۇشرىكلاردىن ئايرىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان تۇرالغۇنىڭ مۇساپىسىدىن كىنايە.

**وقال ﷺ:" من جامع المشرك، وسكن معه، فإنه مثله [السلسلة الصحيحة: 2330]**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى :« كىمكى مۇشرىك بىلەن بىر يەرگە يىغىلسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر يەردە ئولتۇراقلاشسا ئۇ مۇشرىك بىلەن ئوخشاشتۇر.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

[ سەھىھلەر توپلىمى 2330-ھەدىس]

وقال ﷺ:" من خرج به خُراجٌ في سبيل الله فإن عليه طابع الشهداء **[صحيح سنن أبي داود: 2216]**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى :« قانداق كىشى الله يولىدا چىقسا ئۇنىڭغا شەھىدلەرنىڭ تامغىسى بېسىلىدۇ.» [ سەھىھ سۈنەنى ئەبۇ داۋىد 2216-ھەدىس]

وقال ﷺ:" إن الرجل إذا مات بغير مولده، قيس له من مولده إلى منقطع أثره في الجنة **[صحيح سنن النسائي: 1728]**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى :« بىر كىشى تۇغۇلغان يۇرتىدىن باشقا يەردە ئۆلسە ئۇنىڭغا جەننەتتە تۇغۇلغان يېرىدىن ئۆلگەن يېرىگىچە ئۆلچەندى» [ سەھىھ سۈنەنى نەسائى 1728-ھەدىس]

بۇ ھەدىس ھىجرەت قىلىشقا ۋە الله يولىدا يۇرتىدىن ئايرىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ.

**وعن عبد الله بن عمرو بن العاص رضي الله عنهما قال: مات رجل بالمدينة ممن وُلد بها، فصلى عليه رسول الله ﷺ ثم قال:" يا ليته مات بغير مولده ". قالوا: ولِمَ ذاك يا رسول الله ؟ قال:" إن الرجل إذا مات بغير مولده قِيس له من مولده إلى منقطَع أثره في الجنة [أخرجه النسائي وغيره، صحيح الترغيب والترهيب: 3134].**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس- رضي الله عنهما -دىن نەقلى قىلىنىدىكى ئۇ مۇنداق دېدى : مەدىنىدە تۇغۇلغان بىر كىشى مەدىنىدە ۋاپات بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇدى ۋە مۇنداق دېدى : «ئىست بۇ كىشى تۇغۇلغان يۇرتىدىن باشقا يەردە ۋاپات بولسىچۇ كاشكى» دېدى . ساھابىلەر ئۇنىڭغا ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ نېمە ئۈچۈن؟دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى :« بىر كىشى تۇغۇلغان يۇرتىدىن باشقا يەردە ئۆلسە ئۇنىڭغا جەننەتتە تۇغۇلغان يېرىدىن ئۆلگەن يېرىگىچە ئۆلچەندى » [نەسائى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار نەقلى قىلغان سەھىھ تەرغىب ۋە تەھرىب 3134-ھەدىس]

بۇنىڭدىن باشقا بۇ تۆردىكى ھىجرەتكە قىزىقتۇرىدىغان ۋە تەرغىب قىلىدىغان ۋە ھىجرەت قىلماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇۋېلىشتىن قورقىتىدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر ۋە شەرئى تېكىستلەر بار..

ئەمما ئىككىنچى تۈردىكى ھىجرەت بولسا ئاسىيلىقلارنى ۋە گۇناھ-مەسىيەتلەرنى ۋە جىنايەتلەرنى ۋە الله توسقان ھەرقانداق نەرسىنى تەرك ئېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

**في الحديث الصحيح:" المسلم من سلم المسلمون من لسانه ويده، والمهاجر من هجر ما نهى الله عنه " البخاري**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : «مۇسۇلمان دېگەن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلى ۋە قولىدىن ئەزىيەتكە ئۇچراشتىن سالامەت قالغان كىشىدۇر، مۇھاجىر دېگەن الله چەكلىگەن ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر» [بۇخارى نەقلى قىلغان.]

مۇشرىكلار ئارىسىدا تۇرۇش الله چەكلىگەن ئىشلاردىندۇر.. بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ئومومى بولۇپ ھىجرەتنىڭ ھەر ئىككى تۈرىنى يەنى يۇرت-ماكانىنى تەرك ئېتىش ۋە ئاسىيلىقلارنى ۋە گۇناھ-مەسىيەتلەرنى ۋە جىنايەتلەرنى ۋە الله توسقان ھەرقانداق نەرسىنى تەرك ئېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

وقال ﷺ:" المؤمن من أمنه الناس على أموالهم وأنفسهم، والمهاجر من هجرَ الخطايا والذنوب [ صحيح سنن ابن ماجة: **3178**.]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : « مۇئمىن دېگەن كىشىلەرنىڭ ماللىرى ۋە جانلىرى ئۇنىڭدىن ئەمىن بولغان كىشىدۇر، مۇھاجىر دېگەن خاتالىقلارنى ۋە گۇناھ مەسىيەتلەرنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر.» [سەھىھ ئىبنى ماجە 3178-ھەدىس]

وقال ﷺ:" أفضل الهجرة أن تهجر ما كره ربك ﷻ [أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: **553**.]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : «ئەڭ ياخشى ھىجرەت رەببىڭ يامان كۆرگەن نەرسىلەرنى تەرك ئېتىشىڭدۇر» [ئەھمەد نەقلى قىلغان سەھىھلەر توپلىمى 553-ھەدىس]

وفي رواية: سُئل النبي ﷺ أي الهجرة أفضل؟ قال:" من هجر ما حرم الله [أخرجه أبو داود والنسائي، صحيح الترغيب:]

www.uyghurkitap.com

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەڭ ياخشى ھىجرەت قايسى؟ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : « ئەڭ ياخشى ھىجرەت اللە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى تەرك ئېتىشتۇر» [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى نەقلى قىلغان سەھىھ تەرغىب 1318-ھەدىس]

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېدى : بۇ ھىجرەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئاشكارا تەرك ئېتىش ، يەنە بىرى يوشۇرۇن تەرك ئېتىش ؛

يوشۇرۇن تەرك ئېتىش - نەپسى ۋە شەيتان بۇيرۇغان يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئاشكارا تەرك ئېتىش - دىننى پىتنە پاساتتىن قوغداشنى كۆرسىتىدۇ.

## ھىجرەت قىلىشتىكى سەۋەبلەر ۋە مەقسەتلەر

ھىجرەت - ھىجرەت قىلىشتىكى سەۋەبلەر ۋە مەقسەتلەرگە نەزەر سالماستىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەت ئەمەس.. چۈنكى ھىجرەت قىلىشنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى ۋە مەقسەتلىرى بار، قاچانكى بۇ سەۋەبلەر تېپىلسا ھىجرەت قىلىنىدۇ، قاچانكى بۇ سەۋەبلەر تېپىلمىسا ھىجرەت قىلىنمايدۇ. ھىجرەت قىلىشتىكى سەۋەبلەر ۋە مەقسەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئىبادەت ۋە دىنىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى

ھىجرەت قىلىشتىكى سەۋەبلەر ۋە مەقسەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى بولسا ئىبادەت ۋە دىنىنىڭ تىنچ ـ ئامالىقىنى قوغداش، ئىبادەتنى اللهغا خالىس قىلىشتىن ئىبارەت..

شۇڭا قانداق جايدا بىر كىشى دىنى ۋە ئىبادىتىدە سىقىلسا ۋە دىنىنى ئاشكارا قىلىشتىن ۋە ئۆزىگە پەرز قىلىنغان مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشتىن چەكلەنسە ئۇ كىشىگە دىنىنى ۋە رەببىگە قىلىدىغان ئىبادىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئورۇن تېپىپ ھىجرەت قىلىش

مۇئەييەنلىشىدۇ.

بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب شۇكى ئىنسان الله ئۈچۈن ۋە اللهغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. شۇڭا ئىنساننىڭ اللهغا ئىبادەت قىلىشى اللهنىڭ ئىنساننى يارىتىشىدىكى ئەڭ چوڭ مەقسىتىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىبادەت يولىدا بارلىق مەقسەت ۋە غايىلەر اللهغا بويسۇنۇشى كېرەك . الله بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن :

**قال تعالى:﴿ وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْأِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ﴾الذريات:56.**

﴿ جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم [56]﴾ **سۈرە زارىيات 56-ئايەت**

بۇ ئايەتتە نەفىدىن كېيىن ئىستىسنا كەلگەن بولۇپ بۇ ئىستىسنا چەكلەشنى ئۇقتۇرىدۇ؛ يەنى الله جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتى.

**وقال تعالى:﴿ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا إِلَهاً وَاحِداً لا إِلَهَ إِلَّا هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴾التوبة:31.**

﴿(ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر

ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله تىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىدىن پاكتۇر [31]﴿

**قال تعالى:﴿ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ ﴾البينة:5**

﴾ ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر [5]﴿ سۇرە بەييىنە 5- ئايەت

يەنى ئۇلار پەقەتلا بىرنەرسىگە بۇيرۇلغان .. ئۇ پەقەت ئىبادەتنى لله قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا يالغۇز لله غىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھەرقانداق نەرسىنى شېرىك قىلماسلىققا بۇيرۇلغان.

بۇ يەردە ئىبادەتتىن ئۇنىڭ ئومومى مەنىسى مەقسەت قىلىنغان، ئۇ مەنا بولسىمۇ الله - **تعالى** - ياخشى

كۆرۈدىغان ئەمەللەر، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلىنىغان سۆزلەر ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى ۋە بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بارلىق ئىبادەتنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئىبادەت ئىنساننى يارىتىشتىكى مەقسەتلەر بولۇپ ئىنسان مەيلى تىنچ ياشاۋاتقان ۋاقىتتا بولسۇن ياكى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ۋاقىتتا بولسۇن، ۋە ياكى بىر يەرگە چۈشكەن ۋاقىتتا بولسۇن ياكى باشقا يەرگە كۆچكەن ۋاقىتتا بولسۇن بۇ ئىبادەت بىلەن ھەرىكەت قىلىشى ۋە بۇنىڭ يولىيورىقى بىلەن ئىش قىلىشى زۆرۈردۇر.. بۇنداق بولغاندا ئىنسان دىنىنىڭ ۋە ئىبادەتنىڭ تىنچ -ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولغان يەردە تۇرىدۇ، دىنىنىڭ ۋە ئىبادەتنىڭ تىنچ -ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىغان يەردىن كۆچۈپ كېتىدۇ .

**قال تعالى:﴿ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ أَرْضِي وَاسِعَةٌ فَإِيَّايَ فَاعْبُدُونِ ﴾ العنكبوت:56**

﴿ ئى مۆمىن بەندىلىرىم! مېنىڭ زېمىنىم ھەقىقەتەن كەڭدۇر،ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار [56] ﴾

يەنى الله ـ تعالى ـ ئىنساننىڭ ئۆزىگە بىر پۈتۈن ئىبادەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن زېمىننى كەڭرى قىلىپ ياراتتى.. شۇڭا ئىنسان بىر زىمىندا مۇكەممەل ئىبادەت قىلىشتىن سىقىلىپ قالسا مۇكەممەل ئىبادەت قىلىدىغان يەنە بىر زېمىن ئىزدىشى كېرەك .. ئىنسانغا بۇ تار زېمىندا الله-تعالى-غا مۇكەممەل ئىبادەت قىلالمىغانلىقىدىن ئۆزۈر ئېيتىشى لايىق ئەمەس.

ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشەندۈردى:

**قال مجاهد: إنّ أرضي واسعة فهاجروا وجاهدوا فيها.**

مۇجاھىد بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشەندۈردى: ھەقىقەتەن مىنىڭ زېمىنىم كەڭرىدۇر. سىلەر ھىجرەت قىلىڭلار ۋە ئۇ يەردە جىھاد قىلىڭلار.

**وقال سعيد بن جبير: إذا عُمل في الأرض بالمعاصي فاخرجوا منها فإن أرضي واسعة.**

سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشەندۈردى: ئەگەر بىر زىمىندا گۇناھى مەسىيەتلەر كۆپ قىلىنسا سىلەر ئۇ زىمىندىن چىقىپ كىتىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

وقال عطاء: إذا أُمرتم بالمعاصي فاهربوا، فإن أرضي واسعة، وكذلك يجب على كل من كان في بلد يعمل فيها بالمعاصي ولا يمكنه تغيير ذلك أن يُهاجر إلى حيث يتهيأ له العبادة.

ئەتا بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشەندۈردى: ئەگەر سىلەر گۇناھى مەسىيەتلەرگە بۇيرۇلساڭلار ئۇنىڭدىن قېچىڭلار، چۈنكى مېنىڭ زېمىنىم كەڭدۇر، شۇنىڭدەك قانداق كىشى بىر شەھەردە بولسا ئۇ شەھەردە گۇناھى مەسىيەتلەر بىلەن ئەمەل قىلىنسا، ئۇ كىشى بۇنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىسا ئۇكىشىگە ئىبادەت قىلىش ئىمكانىيتى بار شەھەرگە ھىجرەت قىلىش ۋاجىپتۇر.

وقال مطرف بن عبد الله: أرضي واسعة أي رزقي لكم واسع فاخرجوا

**[انظر تفسير البغوي: 472/3.]**

مطرف بن عبد الله بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشەندۈردى: «مېنىڭ زېمىنىم كەڭرىدۇر» يەنى سىلەرگە مېنىڭ رىزىقىم كەڭرىدۇر سىلەر ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىڭلار..

ئىبنى كەسىردە مۇنداق كەلگەن:

قال رسول الله ﷺ:« البلاد بلاد الله، والعباد عباد الله، فحيثما أصبت خيراً

فأقم »

پەيغەمبەر ـ ﷺ ـ :« شەھەرلەر اللهنىڭ شەھىرىدۇر، بەندىلەر اللهنىڭ بەندىسىدۇر، سەن نەدە ياخشىلىقنى تاپساڭ شۇ يەردە تۇر!»ـ دېدى .

شۇنىڭ ئۈچۈن مەككىدىكى ئاجىز كىشىلەر مەككىدە تۇرۇشتىن سىقىلغان ۋاقىتتا دىنىنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ھەبەشىستان زېمىنىغا ھىجرەت قىلىپ چىقتى، ئۇلار ھەبەشىستاندا ئەڭ ياخشى شارائىتقا ئېرىشتى، ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى ئۇلارغا ئورۇن بەردى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلدى، ھەمدە ئۇلارنى ئۆز شەھىرىدە خاتىرجەم قىلدى. [قال ابن كثير في التفسير 430/3]

**قال تعالى:﴿ قُلْ يَا عِبَادِ الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا رَبَّكُمْ لِلَّذِينَ أَحْسَنُوا فِي هَذِهِ الدُّنْيَا حَسَنَةٌ وَأَرْضُ اللَّهِ وَاسِعَةٌ إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُونَ أَجْرَهُمْ بِغَيْرِ حِسَابٍ ﴾الزمر:10.**

❁ ئېيتقىنكى، «ئى (الله نىڭ) مۆمىن بەندىلىرى! پەرۋەردىگارىڭلارغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بۇ دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغانلار (ئاخىرەتتە) ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ. الله نىڭ يېرى كەڭدۇر (كۇففارلار ئارىسىدىن شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يەرگە ھىجرەت قىلىڭلار)، پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ» [10].﴾

شۇڭا سەن اللهغا تەقۋالىق قىلىش بىلەن اللهنىڭ زېمىنىنىڭ كەڭرى ئىكەنلىكىنى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئويلىنىپ باققىن! يەنى -ئى اللهنىڭ بەندىسى- ساڭا اللهغا تەقۋالىق قىلمىغان ھەرقانداق شەيئى ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر سىنى اللهغا تەقۋالىق قىلىشتىن توسىدىغان نەرسىگە دۇچ كەلسەڭ اللهنىڭ كەڭرى زېمىنىدا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ياخشى سۈرەتتە اللهغا تەقۋالىق قىلالايدىغان زېمىننى تېپىپ ھىجرەت قىلىشىڭ ساڭا ۋاجىپ بولىدۇ.

ئىبنى كەسىر تەپسىرىدە:

﴿ وأرض الله واسعة ﴾

﴿ الله نىڭ زېمىنى كەڭدۇر ﴾

دىگەن بۇ ئەيەتنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

**قال مجاهد: فهاجروا فيها وجاهدوا واعتزلوا الأوثان.**

مۇجاھىد مۇنداق دېدى : سىلەر اللهنىڭ كەڭرى زېمىنىغا ھىجرەت قىلىڭلار ۋە ئۇ يەردە جىھاد قىلىڭلار ۋە بۇتلاردىن يىراقلىشىڭلار.

**وقال شريك عن منصور عن عطاء: إذا دعيتم إلى معصية فاهربوا ا- ھ.**

شەرىك (شريك عن منصور عن عطاء)مۇنداق دېدى : ئەگەر سىلەر گۇناھى مەسىيەتلەرگە چاقىرىلساڭلار ئۇنىڭدىن قېچىڭلار. [قال ابن كثير في التفسير 52/4: قوله:]

**وقال تعالى:﴿ إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلائِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ قَالُوا فِيمَ كُنْتُمْ قَالُوا كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِي الْأَرْضِ قَالُوا أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ اللَّهِ وَاسِعَةً فَتُهَاجِرُوا فِيهَا فَأُولَئِكَ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَسَاءَتْ مَصِيراً ﴾النساء:97.**

ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە

زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار اللە نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! [97].﴾

بۇ ئايەتتىكى:

﴿ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ ﴾

﴿ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ..﴾

يەنى ۋەتەن ۋە دىيارىدىن ئايرىلىشتىن كۆزى قىيماسلىق ۋە ھىجرەت قىلىشنى تەرك ئېتىش بىلەن ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇشرىكلارغا ياردەم بېرىش بىلەن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار.. ئۇلار :

﴿كنا مستضعفين في الأرض﴾

﴿ زېمىندا بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق ﴾

دەپ ئۆزرە-سەۋەب كۆرسەتسە ئۇلار ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولىدىغان زېمىن بولغانلىقى ئۈچۈن الله ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ.. پەرىشتىلەر ئۇلارغا:

﴿ ألم تكن أرض الله واسعة فتهاجروا فيها ﴾

﴿ھىجرەت قىلساڭلار الله نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟﴾

سىلەر نېمىشقا ھىجرەت قىلمىدىڭلار..؟! -دەيدۇ..

ھىجرەت قىلىشتىكى سەۋەبنى كۈچلەندۈرىدىغان ئامىل شۇكى مۇشرىكلار ئارىسىدا تۇرۇش ۋە ئۇلار بىلەن -ئىنكار قىلماستىن- بىر سورۇندا ئولتۇرۇش مۇسۇلماننىڭ دىنى ۋە ئەخلاقىغا چوقۇم سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا الله زالىملار بىلەن ئولتۇرۇشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى :

﴿ وَإِمَّا يُنْسِيَنَّكَ الشَّيْطَانُ فَلا تَقْعُدْ بَعْدَ الذِّكْرَى مَعَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ ﴾الأنعام:68

﴿ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە،

www.uyghurkitap.com

ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۈشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىقنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن [68].﴾

**وقال تعالى:﴿ وَقَدْ نَزَّلَ عَلَيْكُمْ فِي الْكِتَابِ أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ آيَاتِ اللَّهِ يُكْفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ بِهَا فَلا تَقْعُدُوا مَعَهُمْ حَتَّى يَخُوضُوا فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ إِنَّكُمْ إِذاً مِثْلُهُمْ إِنَّ اللَّهَ جَامِعُ الْمُنَافِقِينَ وَالْكَافِرِينَ فِي جَهَنَّمَ جَمِيعاً ﴾النساء:140.**

﴿ الله كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر الله نىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چىغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا (كاپىرلىقتا، پاسىقلىقتا، زالىملىقتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر، الله ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ [140].﴾

الله ـ ﷻ ـ نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار بىلەن ـيەنى ئۇلارنى ئىنكار قىلماستىن ۋە ئۇلار

بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلانماستىن- بىرگە ئولتۇرغۇچىلارنىڭ ھۆكمىنى اللهنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار بىلەن ئوخشاش قىلدى. يەنى مەجلىستىكى ئىشلارغا ئاساسەن ئۇلار (كاپىرلىقتا، پاسىقلىقتا، زالىملىقتا ) ئۇلارغا (يەنى لله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار)ئوخشاشتۇر؛ ئەگەر ئۇ مەجلىستە بولۇۋاتقان ئىشلار كىشىنى كاپىر قىلىدىغان بولسا ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغان كىشىمۇ كاپىر بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ مەجلىستە بولۇۋاتقان ئىشلار كىشىنى پاسىق ياكى زالىم قىلىدىغان بولسا ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغان كىشىمۇ پاسىق ياكى زالىم بولىدۇ. ئەسەرلەردە كېلىشىچە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز - ﷺ- بىر توپ كىشىلەرنى هاراق ئىچىۋاتقان يېرىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇلارنى ئۇرغان، ئۇلار ئىچىدە روزا تۇتقان كىشىمۇ بار ئىدى! ئۇلار : بۇ كىشى روزا تۇتقان – دېدى .. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز - ﷺ- ئۇلارغا بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ بەرگەن:

﴿ فلا تقعدوا معهم حتى يخوضوا في حديثٍ غيره إنكم إذاً مثلهم ﴾

﴿ ئۇلار (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە

ئۆلتۈرماڭلار، بولمىسا (كاپىرلىقتا، پاسىقلىقتا، زالىملىقتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر..﴾

وقال تعالى:﴿ لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ بَنِي إِسْرائيلَ عَلَى لِسَانِ دَاوُدَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ ذَلِكَ بِمَا عَصَوْا وَكَانُوا يَعْتَدُونَ . كَانُوا لا يَتَنَاهَوْنَ عَنْ مُنْكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُوا يَفْعَلُونَ ﴾ المائدة:**78-79**.

﴿ بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى [78]. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر - بىرىنى توسمايتتى؛ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! [79].﴾

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە كېلىشىچە بەنى ئىسرائىل گۇناھ مەسىيەتلەرگە چۈشۈپ قالغاندا ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى ئۇلارنى توستى، لېكىن بەنى ئىسرائىل گۇناھ مەسىيەتلەردىن يانمىدى. شۇنداق تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى ئۇلار بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ يەپ-ئىچىشتى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى ئارقىلىق جازالىدى.

ھەمدە ئۇلارغا داۋۇدنىڭ ۋە سۇلايماننىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن لەنەت قىلدى.

مەن دەيمەنكى بۇ ئەھۋاللار(يەنى اللەنىڭ بەنى ئىسرائىلغا لەنەت قىلىشى) بەنى ئىسرائىل گۇناھ مەسىيەتلەرگە چۈشۈپ قالغاندا ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى ئۇلارنى توسقان، لېكىن بەنى ئىسرائىل گۇناھ مەسىيەتلەردىن يانمىغان شۇنداق تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى ئۇلار بىر سورۇندا ئولتۇرغاندىن كېيىن بولغان.. ئۇنداقتا گۇناھ مەسىيەتلەردىن توسماستىن ۋە ئۇنى ئىنكار قىلماستىن كاپىرلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ كېتەر؟! شەكسىز بۇنداق كىشىلەر لەنەت قىلىشقا ۋە اللەنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىشقا لايىق كىشىلەردۇر. ھەدىستە پەيغەمبەر - ﷺ - دىن نەقلى قىلىنىدىكى ئۇ مۇنداق دېگەن :

**. وفي الحديث فقد صح عن النبي ﷺ أنه قال:" مثل جليسِ الصالح والسوء كمثل حامل المسك، ونافخ الكير، فحامل المسك إما أن يُحذيك، وإما أن تبتاع منه، وإما أن تجد منه ريحاً طيبةً. ونافخ الكير إما أن يحرق ثيابك وإما أن تجد ريحاً خبيثةً " [متفق عليه]**

« ياخشى كىشى ۋە يامان كىشى بىلەن بىرگە ئولتۇرغان

كىشىنىڭ مىسالى ئىپارچى بىلەن كورەكچى (تۆمۈرچىنىڭ ئوچاقىقا شامال پۈدەيدىغان كىشىسى) گە ئوخشايدۇ. ئىپارچى ساڭا ئىپاردىن بىرىدۇ ياكى سەن ئىپاردىن سېتىۋالىسەن ۋە ياكى ئىپارنىڭ خۇش ھىدىنى پۇرايسەن. كورەكچى ياكى كىيىمىڭنى كۆيدۈرىۋېتىدۇ ياكى سەن ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىنى پۇرايسەن».. [متفق عليه]

زالىملارنى تەرك ئېتىش .. ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرماسلىق شەرئەت تەلەپ قىلغان تەكلىپ بولۇپ شەرئەت ئۇنىڭغا قىزىقتۇرىدۇ. شۇڭا شەرئەتنىڭ پىرىنسىپىغا مۇۋاپىق ھالدا زالىملارنى تەرك ئېتىش ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرماسلىققا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەك .

2-ئۆز جېنىنىڭ تىنچ ئامانلىقى.

بىر كىشى قايسى جايدا زالىملار تەرەپتىن كېلىدىغان قەتلى قىلىنىشقا ياكى يوقىتىشقا دۇچ كەلسە .. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنى زالىمدىن مۇداپىئە قىلغۇدەك كۈچى بولمىسا، بۇ كىشى ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ تىنچ -ئامانلىقى ئۈچۈن تىنچ ۋە خاتىرجەم زېمىنغا ھىجرەت قىلىشى كېرەك .

شەرئەتنى قوغداش ۋە ئۇنى ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىۋاتقان

تۇرلۇك خەتەرلەردىن مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئىسلام ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانغا ئۇنىڭ جېنىنى ھالاكەت ياكى ئۆلۈمدىن قوغداش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئۇ ئىشلارنىڭ بىرى: ئۆزىنى ھالاكەتتىن ساقلاش ئۈچۈن بىر قىسىم شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىش. مەسىلەن: بىر كىشى چۆل-جەزىرىدە بولۇپ ئۇ سۇ بار يەرگە بارىدىغان بارلىق ۋاستىلىرىدىن ئايرىلغان، ئۇ كىشى ئۇسسۇزلۇقى ئۈچۈن پەقەتلا ھاراقنى تاپقان بولسا ئۇ كىشىگە سۇ بار يەرگە بارغۇچىلىك كۈچ-قۇۋۋەت بولىدىغان مىقداردا ھاراقتىن ئىچسە ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ.

شۇنىڭدەك بىر كىشى ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان بولسا، ئۇ يېيىشكە ئۆلۈك ھايۋان ياكى چوشقا گۆشىدىن باشقا بىر نەرسە تاپالمىغان بولسا ئۇ ھالال تائام بار يەرگە يېتىپ بارغىچە كۈچ-قۇۋۋەت بولغىدەك مىقداردا ئۇنىڭدىن يېسە ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ:

**قال تعالى:﴿ وَقَدْ فَصَّلَ لَكُمْ مَا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ إِلَّا مَا اضْطُرِرْتُمْ إِلَيْهِ وَإِنَّ كَثِيراً لَيُضِلُّونَ بِأَهْوَائِهِمْ بِغَيْرِ عِلْمٍ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِالْمُعْتَدِينَ ﴾الأنعام:119**

❁ زۆرۈرىيەت بولمىغۇچە يېيىش ھارام قىلىنغان

نەرسىلەرنى الله سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا، الله نىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ نۇرغۇن كىشىلەر نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، بىلمەستىن، (باشقىلارنى) ھەقىقەتەن ئازدۇرىدۇ، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ (شەرئى دەلىلسىز ھالال، ھارام دەپ) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ﴾.[119]

الله بۇ ئايەتتە يېيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يېيىشكە مەجبۇرى بولغان كىشىلەرنىڭ ئۇنى يېسە گۇناھقا چۈشۈپ قالمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

وقال تعالى:﴿ إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةَ وَالدَّمَ وَلَحْمَ الْخِنْزِيرِ وَمَا أُهِلَّ بِهِ لِغَيْرِ اللَّهِ فَمَنِ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلا عَادٍ فَلا إِثْمَ عَلَيْهِ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ ﴾البقرة:**173**

﴿ الله سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، الله تىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى، كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن الله

ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر ﴾.[173]

بۇ تېكىستلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تېكىستلەردىن ئۆلىمالار " الضرورات تبيح المحظورات ".‹زۆرۈرىيەت (مەجبۇرى بولۇپ قالغاندا) چەكلەنگەن ئىشلارغا رۇخسەت قىلىدۇ›دېگەن يەكۈننى چىقاردى.

ئۇ ئىشلارنىڭ يەنە بىرى: ئەگەر كۇفرى سۆزىنى دېمىسە ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇسىبەتلەردىن قۇتۇلغىلى بولمىسا - قەلبى ئىمانغا لىق تولغان ھالەتتە- كۇفرى سۆزىنى ئاشكارىلاش .

**قال تعالى:﴿ مَنْ كَفَرَ بِاللَّهِ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِهِ إِلَّا مَنْ أُكْرِهَ وَقَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالْأِيمَانِ وَلَكِنْ مَنْ شَرَحَ بِالْكُفْرِ صَدْراً فَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ مِنَ اللَّهِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴾النحل:106.**

﴿ كىمكى الله قا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، - قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۇرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا - كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارى يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)،

ئۇ الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ﴾.[106]

نەقلى قىلىنىشىچە مۇشرىكلار ئەممار ئىبنى ياسىرنى قاتتىق قىيىندى، ئۇلار ئەممارنى تاكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللاپ، مۇشرىكلارنىڭ باتىل ئىلاھلىرىنىڭ ياخشىلىقىنى سۆزلىمىگىچە ئۇنى قويۇپ بەرمىدى. ئەممار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

« ما وراءك؟»

«سىنىڭ كەينىڭدىكى نىمە ؟ »-دېدى .

ئەممار: ئەڭ يامان. ئۇلار مېنى سىنى تىللاپ، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى ياخشىلىقىنى سۆزلىمىگىچە قويۇپ بەرمىدى- دېدى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

« فكيف تجد قلبك؟»

«قەلبىڭنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسەن؟»-دېدى .

ئەممار: قەلبىمنى ئىمانغا لىق تولغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن-دېدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :

« فإن عادوا فعُد »

«ئۇلار سىنى ئازاپلاشتىن قايتسا سەنمۇ ئىمانىڭغا قايتقىن!»دېدى .

ئۇ ئىشلارنىڭ يەنە بىرى: ئەگەر ھىجرەت قىلىش ۋە يۇرتىدىن ئايرىلىشتىن باشقا ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىن ھالاكەتنى چىكىندۇرۇشكە يول تاپالمىسا -گەرچە كاپىرنىڭ شەھىرى بولسىمۇ- ھىجرەت قىلىش.

بۇ بىر قىسىم ساھابىلەردىن سادىر بولغان بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان . چۈنكى ھەبەشىستاندا ئادىللىق بىلەن مەشھۇر بولغان، ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم زۇلۇمغا

uyghurkitap.com
كىتاب تورى

ئۇچرىمايدىغان بىر پادشاھ بار ئىدى. ھەبەشىستان گەرچە كاپىر دىيارى بولسىمۇ مۇسۇلمانلار شۇ ۋاقىتتا مەككىدە تاپالمىغان تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك بۇ شەھەردە بار ئىدى.

ئەگەر ھەبەشىستان كاپىر دىيارى دېيىلسە .. مەككىمۇ كاپىر دىيارى بولسا ئۇنداقتا ئىككى شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمە ؟

مەن دەيمەنكى: ئىككى شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولسا پۈتكۈل ئاھالىسى بىر پۈتۈن كاپىر بولغان شەھەر بىلەن ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئارىلىشىپ ياشايدىغان شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشايدۇ، شۇ ۋاقىتتا مەككىدە مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئارىلاش ياشايتتى، ھەبەشىستاندا بولسا پۈتكۈل ئاھالىسى بىر پۈتۈن كاپىر ئىدى.. والله تعالى أعلم

**قال ابن حزم في المحلى 125/12: وأما من فرَّ إلى أرض الحرب لظلم خافه، ولم يُحارب المسلمين، ولا أعانهم عليهم، ولم يجد في المسلمين من يجيره، فهذا لا شيء عليه لأنه مضطر مكره. وقد ذكرنا أن الزهري محمد بن مسلم بن شهاب، كان عازماً على أنه إن مات هشام بن عبد الملك لحق بأرض الروم؛ لأن الوليد بن يزيد كان نذر دمه إن قدر عليه، وهو كان الوالي بعد هشام، فمن كان هكذا فهو معذور ا– هـ. [ ابن حزم في المحلى 125/12]**

ئىبنى ھەزمى مۇنداق دېدى : ئەمما زۇلۇم سەۋەبىدىن كاپىر دىيارىغا قاچقان، مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش قىلمىغان، مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلارغا ياردەم بەرمىگەن، مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغان كىشى تاپالمىغان كىشىگە كەلسەك ئۇنىڭغا ھېچ زەرەرى يوق چۈنكى ئۇ موھتاج بولغان، مەجبۇرلانغان.

بىزگە زىكرى قىلىنىشىچە زۆھرى شۇنى زىكرى قىلدىكى (محمد بن مسلم بن شهاب هىشام) ئىبنى ئابدۇل مەلىك ئۆلسە رۇم زېمىنىغا بېرىشنى ئىرادە قىلدى. چۈنكى ۋەلىد ئىبنى يەزىد قادىر بولسا ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى نەزىر قىلغان ئىدى. ۋەلىد ئىبنى يەزىد ھىشامدىن كېيىن ۋالىي بولغان، كىمكى مۇشۇنداق ئەھۋالدا بولسا ئۇ ئۆزۈرلۈك بولىدۇ.

3-مۇسۇلمانلارنى كۆچلەندۈرۈش ۋە مۇشرىكلارنى ئاجىزلاشتۇرۇش :

ھىجرەتنىڭ سەۋەب ۋە مەقسەتلىرى بولسا پەرز جىھادنى تىرىلدۈرۈش، مۇسۇلمانلارنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ مۇشرىكلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ياردەم بىرىش.. ھىجرەت ۋە جىھاد بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان ئىككى نەرسە بولۇپ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ

سەۋەبىدۇر ۋە ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرى ئۈچۈن زۆرۈردۇر. ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ باقى بولۇشى يەنە بىرىنىڭ باقى بولىشىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

مانا بۇ مۇناسىۋەت ۋە باغلىنىش ۋە ئالاقىلارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان دەلىللەر بار:

**قال تعالى:﴿ إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ آوَوْا وَنَصَرُوا أُولَئِكَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ ﴾الأنفال:72.**

﴿ ئىمان ئېيتقانلار، (الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل - ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) - ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر - بىرىگە ئىگىدۇر (يەنى بىر - بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر - بىرىگە مىراسخوردۇر). ئىمان ئېيتقان ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆزئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ؛ ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا،

ئۇلارغا ياردەم بېرىشكىلار كېرەك، الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [72]. ﴾

وقال تعالى:﴿ إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَالَّذِينَ هَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَئِكَ يَرْجُونَ رَحْمَتَ اللَّهِ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ ﴾البقرة:**218**.

﴿ شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [218].﴾

وقال تعالى:﴿ ثُمَّ إِنَّ رَبَّكَ لِلَّذِينَ هَاجَرُوا مِنْ بَعْدِ مَا فُتِنُوا ثُمَّ جَاهَدُوا وَصَبَرُوا إِنَّ رَبَّكَ مِنْ بَعْدِهَا لَغَفُورٌ رَحِيمٌ ﴾النحل:**110**.

﴿ ئاندىن (ئى مۇھەممەد!) زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغان. ئاندىن ( الله نىڭ يولىدا) جىھاد قىلغان ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغانلارغا پەرۋەردىگارىڭ (مەغپىرەت قىلىدۇ)، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ شۇنىڭدىن (يەنى ئۇلارنىڭ ھىجرەت، جىھاد ، سەۋر قىلغىنىدىن) كېيىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھمەت

قىلغۇچىدۇر [110].﴿

وقال تعالى:﴿ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ آوَوْا وَنَصَرُوا أُولَئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقّاً لَهُمْ مَغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ ﴾الأنفال:**74**.

﴾ ئىمان ئېيتقانلار، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) ـ ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئۇلار (نىڭ گۇناھى) مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (جەننەتتە) ئېسىل رىزىققا ئىگە بولىدۇ [74].﴿

وقال تعالى:﴿ الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِنْدَ اللَّهِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ ﴾التوبة:**20**

﴾ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر ﴿

سىز ھىجرەتنىڭ جىھاد بىلەن ۋە جىھاد ئۈچۈن زۆرۈر



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولغان مۇقەددىمە سۈپىتىدە قانداق يۈزلەنگەنلىكىنى ئويلىنىپ بېقىڭ .

وفي الحديث فقد صح عن النبي ﷺ أنه قال:" إن الهجرة لا تنقطع ما دام الجهاد " [أخرجه أحمد وغيره، صحيح الجامع: **1991**.]

پەيغەمبەر - ﷺ - مۇنداق دېگەن : « جىھاد داۋاملىشىدىكەن، ھىجرەت قىلىش ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ»

يەنى جىھاد داۋاملىشىدىكەن، ھىجرەت قىلىش جىھاد بىلەن بىرگە داۋاملىشىدۇ. چۈنكى الله يولىدىكى جىھاد ھىجرەت قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد دىيارىغا ۋە مۇجاھىدلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشى ئۈچۈن داۋام قىلىدۇ.

وقال ﷺ:" لا تنقطع الهجرة ما جوهد العدو " [السلسلة الصحيحة: **4761**]

پەيغەمبەر - ﷺ - مۇنداق دېگەن : « دۈشمەنلەرگە جىھاد قىلىنىدىكەن، ھىجرەت قىلىش ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ»

وقال ﷺ:" لا تنقطع الهجرة حتى تنقطع التوبة، ولا تنقطع التوبة حتى تطلع الشمس من مغربها " [أخرجه أحمد، وأبو داود، صحيح الجامع: 7469.]

پەيغەمبەر - ﷺ - مۇنداق دېگەن : « تەۋبە قىلىش ئۈزۈلۈپ قالمايدىكەن، ھىجرەت قىلىش ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. كۈن مەغرىبتىن چىقمىغىچە تەۋبە قىلىش ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ»

مەن دېدىمكى: تەۋبە قىلىش ئۈزۈلۈپ قالمىغۇچە ۋە كۈن مەغرىبتىن چىقمىغىچە ھىجرەت قىلىشنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى جىھاد قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ.

جىھادنىڭ قىيامەتكىچە داۋام قىلىشى ھىجرەتنىڭ جىھادنىڭ داۋام قىلىشىغا ئەگىشىپ قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇنىڭغا بۇ ھەقتە سۆزلەنگەن سەھىھ ھەدىسلەر دەلىل بولىدۇ.

ھىجرەت بىلەن جىھادنىڭ قىيامەتكىچە داۋام قىلىغانلىقىنى تەكىتلەيدىغان ئامىل شۇكى دارۇل ھەرب (كۇفرى دىيارى) دىن ھىجرەت قىلماسلىق كۆپىنچە كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغاندا كاپىرلارنىڭ دىيارىدا تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلار ۋە

كاپىرلار ـ(گەرچە مۇسۇلمانلار كاپىرلارنىڭ سېپىدە ئۇرۇشقا چىقىشقا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلارغا ياردەم بېرىشكە مەجبۇرلانمىغان بولسىمۇ)ـ ئۆزىنى قوغدايدىغان قالقان قىلىدۇ.

بۇنىڭغا شەرئى دەلىللەر نۇرغۇن ئورۇندا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن:

**قال تعالى:﴿ إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلائِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ قَالُوا فِيمَ كُنْتُمْ قَالُوا كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِي الْأَرْضِ قَالُوا أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ اللَّهِ وَاسِعَةً فَتُهَاجِرُوا فِيهَا فَأُولَئِكَ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَسَاءَتْ مَصِيراً ﴾النساء:97.**

﴿ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار الله نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! [97].﴾

﴿ ظالمي أنفسهم ﴾ يەنى ئۇلار مۇشرىكلار بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىقىشقا مەجبۇرلىنىشتىن بۇرۇن ئىسلام دىيارىغا كۆچۈپ كىتىشكە ۋە ھىجرەت قىلىشقا قادىر تۇرۇپ ھىجرەتنى تەرك ئېتىش ۋە مۇشرىكلار ئارىسىدا تۇرۇش ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇشرىكلارغا ياردەم بىرىش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندە.. اللەغا بوزەك قىلىنغانلىقىنى ۋە مەجبۇرلانغانلىقىنى ئۆزۈر ئېيتسا الله ئۇلارنىڭ ئۆزۈرىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ ئىشلارغا مەجبۇرلىنىشتىن بۇرۇن ئىسلام دىيارىغا كۆچۈپ كىتىشكە ۋە ھىجرەت قىلىشقا قادىر ئىدى.. لىكىن ئۇلار بۇنى قىلىشتىن باش تارتتى.

**أخرج البخاري وغيره عن ابن عباس: أن أناساً من المسلمين كانوا مع المشركين يكثرون سوادهم على رسول الله ﷺ يأتي السهم يرمي فيصيب أحدهم فيقتله أو يضرب عنقه فيقتله فأنزل الله ﴿ إن الذين توفاهم الملائكة ظالمي أنفسهم ﴾ [ البخاري: 7085]**

بۇخارى ۋە باشقىلار ئىبنى ئاbباستىن نەقلى قىلىشىچە:«

مۇشرىكلار بىلەن بىرگە تۇرغان بىر تۈپ مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى مۇشرىكلارغا ياردەم بەردى، ئېتىلغان بىر ئوق كېلىپ ئۇلارنىڭ بىرىگە تېگىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى ياكى بۇ ئوق ئۇنىڭ بويىنىغا زەربە بەردى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى، شۇنىڭ بىلەن الله بۇ ئايەتنى چۈشۈردى» [بۇخارى 7085-ھەدىسكە قاراڭ]

﴿ إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلائِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ ﴾

﴿ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا..﴾

ئىبنى كەسىر مۇنداق دېدى : زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئۇلۇغ ئايەت ھىجرەت قىلىشقا قادىر تۇرۇپ، مۇشرىكلار ئارىسىدا تۇرغان ۋە دىنىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالمىغان ھەرقانداق كىشىگە ئامدۇر. (يەنى بۇ ئايەتنىڭ ھۆكۈمى مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ھەممە كىشىگە تەتبىقلىنىدۇ). چۈنكى ئۇ ئىجما ۋە بۇ ئايەتلەرنىڭ تېكىستى بىلەن ھارامغا ئۈرۈنغان بولىدۇ. چۈنكى الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلائِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ ﴾

﴿ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا..﴾

يەنى بۇلار ھىجرەتنى تەرك ئېتىش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلدى.

﴿ قَالُوا فِيمَ كُنْتُمْ ﴾

﴿ پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ.﴾

يەنى سىلەر نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە تۇرغان؟ نېمە ئۈچۈن ھىجرەتنى تەرك ئەتكەن؟

سىز ئۇلارنىڭ ھىجرەت قىلماسلىقىنىڭ مۇشرىكلار بىلەن بىرگە چىقىشقا ۋە ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى كۆچلەندۈرۈشكە قانداق سەۋەب بولغانلىقىنى ئويلاپ

بېقىنىڭ .. بۇ ھىجرەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلىگەندە ئېتىبار بېرىشكە ۋە كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مەسىلىدۇر.

بەدىر ئۇرۇشى كۈنىدە مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مۇشرىكلار بىلەن چىقىشقا مەجبۇرلانغان كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئاباباس، ئۇقەيل، نەۋفەل ..قاتارلىق كىشىلەردۇر. ئۇلار ئەسىر ئېلىنغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئابباسقا: «سەن ئۆزۈڭگە ۋە قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىغا فىدىيە بەرگىن» دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس: مەن سىنىڭ قىبلەڭگە قاراپ ناماز ئوقۇمىدىممۇ؟ سىنىڭ اللهنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە ئىمان ئېتمىدىممۇ؟- دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئابباسقا: « ئى ئابباس! سىلەر بىزگە ئۇرۇش قىلدىڭلار شۇنىڭ بىلەن سىلەرگىمۇ ئۇرۇش قىلىندى دېدى ۋە ئۇنىڭغا بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى»:

﴿ ألم تكن أرض الله واسعة فتهاجروا فيها ﴾.

﴿ پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار الله نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ.﴾

ئىبنى ئاbباستىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن:

وفي الأثر عن ابن مسعود ﷺ: من كثر سواد قومٍ فهو منهم، ومن رضي عمل قومٍ كان شريك من عمل به ".

«كىمكى بىر قەۋمنىڭ سانىنى كۆپەيتسە، ئۇ شۇ قەۋمنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ. كىمكى بىر قەۋمنىڭ ئەمىلىگە رازى بولسا، ئۇ شۇ ئەمەلنى قىلغان كىشىنىڭ ئەمىلىگە شېرىك بولىدۇ» [ئەبۇ يەئلا مۇسنەدىدە نەقلى قىلغان]

قال ابن حجر في الفتح **38/13**: فيه تخطئة من يقيم بين أهل المعاصي باختياره لا لقصد صحيح من إنكار عليهم مثلاً أو رجاء إنقاذ مسلم من هلكة، وأن القادر على التحول عنهم لا يُعذر كما وقع للذين كانوا أسلموا ومنعهم المشركون من أهلهم من الهجرة ثم كانوا يخرجون مع المشركين لا لقصد قتال المسلمين بل لإيهام كثرتهم في عيون المسلمين فحصلت لهم المؤاخذة بذلك ا–هـ.

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: گۇناھ-مەسىيەت قىلىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلارنى ئىنكار قىلماستىن ياكى مۇسۇلماننى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇشنى ئۈمىد

قىلماستىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تۇرغان كىشى خاتالاشىدۇ، ئۇلارنىڭ قېشىدىن كېتىشكە قادىر بولالايدىغان كىشىنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. خۇددى مۇسۇلمان بولغان ۋە مۇشرىكلار ئۇلارنى ھىجرەت قىلىشتىن توسقان ئاندىن ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە ئەمەس بەلكى مۇسۇلمانلارغا مۇشرىكلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە مۇشرىكلار بىلەن چىققان شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەيىبلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش... [قال ابن حجر في الفتح 38/13]

**وقال الشيخ عبد اللطيف آل الشيخ رحمه الله: من مقاصد الهجرة الانحياز إلى الله بعبادته والإنابة إليه، والجهاد في سبيله، ومراغمة أعدائه، وإلى رسوله بطاعته وتعزيره ونصره ولزوم جماعة المسلمين، ولذلك يقرن الهجرة بالإيمان في غير موضع من كتاب الله [الرسائل المفيدة: ص]**

شەيخ (عبد اللطيف آل الشيخ رحمه الله) مۇنداق دەيدۇ: ھىجرەتنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ بىرى ئىبادەت قىلىش ۋە تەۋبە قىلىش بىلەن الله تەرەپكە قايتىش، الله يولىدا جىھاد قىلىش، اللهنىڭ دۈشمەنلىرىنى دۈشمەن تۇتۇش ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش، ئۇنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭغا ياردەم

كتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىرىش، مۇسۇلمان جامائەتكە چىڭ باغلىنىشتۇر. شۇڭا ھىجرەت اللەنىڭ كىتابىدا ئىمان بىلەن بىر يەردە كېلىدۇ.

4ـاللە تەرەپكە چاقىرىش: يۇقىرىقىدەك ھىجرەت قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە، بىر زېمىندىن يەنە بىر زېمىنغا كۆچۈش.. اللە تەرەپكە چاقىرىش ۋە تەۋھىد رىسالىتىنى (اللەنىڭ يېگانە ئىكەنلىكىنى) پۈتكۈل دۇنياغا يەتكۈزۈش.. كىشىلەرنى دىنىدا چىڭ تۇرۇشقا ۋە اللەغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش:

**قال تعالى:﴿ وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلاً مِّمَّنْ دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحاً وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ ﴾فصلت:33.**

﴿ اللە قا (يەنى اللە نىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟ [33]﴾

ئىسلام رىسالىتى پۈتكۈل ئالەملەرگە(يەنى پۈتكۈل مەخلۇقاتلارغا) يەتكۈزۈلدى.. پەيغەمبىرىمىز پۈتكۈل ئالەملەرگە (يەنى پۈتكۈل مەخلۇقاتلارغا) پەيغەمبەر قىلىپ

ئەۋەتىلدى.. ئۇ بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئاخىرقىسى.. شۇڭا ئۇنىڭ دەۋىتى پۈتكۈل ئالەملەر(يەنى پۈتكۈل مەخلۇقاتلارغا) يۈكلىنىشى كېرەك.

لېكىن بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشى كىشىلەر موھتاج بولغان ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئىگە بولۇشى ۋە ئۇنى باشقىلارغا بېرىشى كېرەك .. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن بىر نەرسىنى بىلمەيدىغان كىشى ئۇنى يوقىتىپ قويغان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ ئۇ كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىنى بېرىشى ياكى بىرەر كىشى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەسكەرتىش: ـبىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ـ

ھىجرەتنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا سۆزلەشتىن بۇرۇن چوقۇم يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ھىجرەت قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىگە نەزەر سېلىش زۆرۈردۇر. چۈنكى ھىجرەت قىلىشتىكى سەۋەب بەزىدە ئاجىز بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا يەنە بىر سەۋەب كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن .

بەزىدە ھىجرەت قىلىشتىكى بىر ياكى بىرقانچە سەۋەب ئەمەلدىن قېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا سەۋەبلەر بارلىققا كېلىشى مۇمكىن .. بۇ ۋاقىتتا چوقۇم كۈچلۈك قاراشقا ئەمەل قىلىشى كېرەك ۋە ھىجرەت قىلىش ياكى

قىلماسلىقتا ئەگىشىپ كېلىدىغان پايدا ۋە زىياندا نەزەر سېلىش ۋە شەرئى جەھەتتە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن كۆچلۈك تەرەپكە نەزەر سېلىش كېرەك . چۈنكى ھىجرەت قىلىش مەسىلىسى بىر سەۋەبكە بويسۇنمايدۇ، بەزىدە سەۋەبنىڭ تېپىلىشى بىلەن ھىجرەت مەۋجۇت بولىدۇ. ھىجرەت قىلىشنىڭ سەۋەبى تېپىلمايدىكەن باشقا سەۋەبلەرگە نەزەر سالماستىن ھىجرەت قىلىش ئەمەلدىن قالىدۇ.

## ھىجرەتنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكۈمى

بىز ھىجرەتنىڭ تۈرى ۋە مەقسىتى ۋە غايىسىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىشنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكمىنى .. يەنى ھىجرەت قىلىش قاچان ۋاجىپ بولىدۇ، ھىجرەت قىلىش قاچان ۋاجىبتىن تۆۋەن ئورۇندا بولىدۇ دېگەنلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

مەن دەيمەنكى: ھىجرەتنىڭ ئەھكاملىرى تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ . ئۇلار ۋاجىپ ھىجرەت، مۇستەھەب ھىجرەت، ھارام ھىجرەت، ۋاجىپ ۋە مۇستەھەب بولمىغان ھىجرەتتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

## 1ـ ۋاجىپ ھىجرەت (الھجرة الواجبة):

مۇسۇلمان ئۆزى ۋە دىنىغا پىتنە ۋە ھالاكەت يېتىپ قىلىشىدىن قورقىدىغان دىياردا ياشىغاندا دىنىنى ئاشكارىلاشقا، دىنىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئورۇنداشقا `قادىر بولالمايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشكە ۋە ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلىشىدىن ساقلىنىشقا قادىر بولالمايدۇ.. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا بۇ دىياردىن دىنىنى ئاشكارا قىلالايدىغان ۋە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان توسالغۇلارنى يوقىتىشقا قادىر بولىدىغان دىيارغا ھىجرەت قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ.. ئەگەر بۇ مۇسۇلمان بۇنداق قىلمىسا دىنىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىدىن بىرىگە سەل قارىغان گۇناھكار بولىدۇ.

بۇ يەردە ھىجرەتنىڭ ۋاجىپ بولۇشىنىڭ دەلىلى نېمە ؟ دېيىلسە مەن شۇنداق دەيمەنكى: بۇنداق سۈپەتتىكى ۋە بۇنداق شارائىتتىكى كىشىگە ھىجرەتنىڭ ۋاجىبلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان بىر قىسىم دەلىللەرنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق، بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر قىسمىنى قايتا سۆزلەيمىز.

وقال تعالى:﴿ إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلائِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ قَالُوا فِيمَ كُنْتُمْ

قَالُوا كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِي الْأَرْضِ قَالُوا أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ اللَّهِ وَاسِعَةً فَتُهَاجِرُوا فِيهَا فَأُولَئِكَ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَسَاءَتْ مَصِيراً ﴾النساء:97.

﴿ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار الله نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! [97].﴾

وفي الحديث فقد صحَّ عن النبي ﷺ أنه قال:" برئت الذمة ممن أقام مع المشركين في ديارهم [أخرجه الطبراني وغيره، صحيح الجامع الصغير:]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە ئۇ:« مۇشرىكلار بىلەن ئۇلارنىڭ دىيارىدا بىرگە تۇرغان كىشىدىن اللهنىڭ ئەھدىسى ئادا-جۇدا بولدى »دېدى . [تىبرانى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار نەقلى قىلغان، سەھىھ

جامىئۇل سەغىير 2118-ھەدىس]

وقال ﷺ:" من جامع المشرك، وسكن معه، فإنه مثله [السلسلة الصحيحة: 2330]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى :« كىمكى مۇشرىك بىلەن بىر يەرگە يىغىلسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇراقلاشسا ئۇ مۇشرىك بىلەن ئوخشاشتۇر.» [ سەھىھلەر توپلىمى 2330-ھەدىس]

وقال ﷺ:" أنا بريء من كل مسلمٍ يقيم بين أظهر المشركين " قالوا: يا رسول الله ولِمَ ؟ قال:" لا تراءى نارَاهُما [صحيح سنن الترمذي: 1307].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«مەن مۇشرىكلار ئارىسىدا تۇرغان ھەرقانداق مۇسۇلماندىن ئادا جۇدا»دېدى . ساھابىلەر: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! قانداق بولسا ئادا جۇدا بولمايسەن دېدى ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئىككىسىنىڭ ياققان ئوتى كۆرۈلمىسۇن »دېدى . [سەھىھ سۈنەنى تىرمىزى 1307-ھەدىس]

بۇ ھەدىسلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەر بۇ خىل ھالەتتە

ھىجرەت قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ، ھىجرەتنىڭ ۋاجىبلىقى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەزمۇنلارغا ئاساسلىنىدۇ. ۋاجىپ ھىجرەت مۇسۇلمان ئۆزى تۇرغان دىياردا دىنىنى ئاشكارىلاشقا قادىر بولالمىغان ۋاقىتتا قىلىنىدۇ.

**قال ابن قدامة في المغني 236/9، فيمن تجب عليه الهجرة: وهو من يقدر عليها ولا يمكنه إظهار دينه، ولا تمكنه إقامة واجبات دينه مع المقام بين الكفار، فهذا تجب عليه الهجرة لقوله تعالى:﴿ إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلائِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ قَالُوا فِيمَ كُنْتُمْ قَالُوا كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِي الْأَرْضِ قَالُوا أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ اللَّهِ وَاسِعَةً فَتُهَاجِرُوا فِيهَا فَأُولَئِكَ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَسَاءَتْ مَصِيراً ﴾النساء: 97. وهذا وعيد شديد يدل على الوجوب؛ ولأن القيام بواجب دينه واجب على من قدر عليه، والهجرة من ضرورة الواجب وتتمته، ومالا يتم الواجب إلا به فهو واجب ا– هـ.**

ئىبنى قۇدامە ھىجرەت ۋاجىپ بولغان كىشى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان ۋە دىنىنى ئاشكارىلاشقا ۋە كاپىرلار ئارىسىدا تۇرغانلىقتىن دىنىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئورۇنداشقا قادىر بولالمايدىغان كىشىگە ھىجرەت قىلىش ۋاجىبتۇر.

uyghurkitap.com كىتاب تورىكتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىز ئادرېسى

وقال تعالى:﴿ إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلائِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ قَالُوا فِيمَ كُنْتُمْ قَالُوا كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِي الْأَرْضِ قَالُوا أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ اللَّهِ وَاسِعَةً فَتُهَاجِرُوا فِيهَا فَأُولَئِكَ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَسَاءَتْ مَصِيراً ﴾النساء:97.

( ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار الله نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! [97].)

بۇ بۇنداق شارائىتتا ھىجرەت قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر؛ چۈنكى دىنىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئورۇنداش قادىر بولغان كىشىگە ۋاجىبتۇر. ھىجرەت قىلىش مەجبۇرىيەتنى ئورۇنداشنىڭ زۆرۈر بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. [قال ابن قدامة في المغني 236/9]

ئىسلام دىيارىنىڭ ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلىدىغان كىشىگە بولغان ئېھتىياجى ھىجرەت قىلىشنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭ ۋاجىبلىقىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر .. خۇددى مەدىنە مۇنەۋۋەرنىڭ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدىكى ئەھۋالىغا ئوخشاش.. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا مەدىنە مۇنەۋۋەر شۇ كۈنىسىدە مەدىنە مۇۋۋەرنى قورشىۋالغان كاپىرلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىدىغان كىشىگە موھتاج ئىدى.

مەلۇم دەرىجىدە الله ياردەم ۋە غەلىبە قىلىشنى ھىجرەت قىلىشقا ۋە مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قېشىغا ھىجرەت قىلغان كىشىلەرگە باغلاپ قويغان.

**قال تعالى:﴿ إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ آوَوْا وَنَصَرُوا أُولَئِكَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يُهَاجِرُوا مَا لَكُمْ مِنْ وَلَايَتِهِمْ مِنْ شَيْءٍ حَتَّى يُهَاجِرُوا وَإِنِ اسْتَنْصَرُوكُمْ فِي الدِّينِ فَعَلَيْكُمُ النَّصْرُ إِلَّا عَلَى قَوْمٍ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُمْ مِيثَاقٌ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴾الأنفال:72**

﴿ ئىمان ئېيتقانلار، (الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل - ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى

مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) - ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر - بىرىگە ئىگىدۇر (يەنى بىر - بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر - بىرىگە مىراسخوردۇر). ئىمان ئېيتقان ئەمما (مەدىنىگە ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆزئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ؛ ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، اللە سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [72]. ﴾

شۇنىڭدەك ھىجرەتنىڭ ۋاجىبقىلىنىشى كۈچلەندۈرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى بولسا كاپىر دىيارى بىلەن ئىسلام دىيارى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولىدۇ.. بۇ ۋاقىتتا كاپىر دىيارىدا تۇرغان مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقىنىڭ تېگىپ كېتىش ئېھتىمالىقى ئۈچۈن ياكى كاپىرلارنىڭ يېنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقلىرىدىن قوغدايدىغان قالقان بولماسلىقى ئۈچۈن نىشاننى بەلگىلەش قىيىن بولىدۇ.

مانا بۇ پۈتقۇلرى ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ھەرقانداق

ئۈممەتلەر قىلىدىغان بىر ئىشتۇر. بىر دۆلەت بىلەن يەنە بىر دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشنىڭ بەلگىلىرى ئاشكارا بولسا ئۇنىڭ پۇقرالىرى زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئۇلارنى مىنا تازىلاشتا قالقان قىلماسلىقى ئۈچۈن ئۇرۇش بولۇۋاتقان دۆلەتنىڭ چېگراسىدىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەگەر بۇ تۈردىكى (ۋاجىپ ) ھىجرەتتىن قىلىپ قالغۇچى گۇناھكار بولامدۇ؟ بۇ قايسى خىلدىكى گۇناھقا كىرىدۇ؟ بۇ گۇناھ كاپىر بولۇش دەرىجىسىگە ئېلىپ بارامدۇ؟! دېيىلسە مەن شۇنداق دەيمەنكى بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ھىجرەتنى تەرك ئېتىشتىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە مۇناسىۋەتلىكتۇر..

ئەگەر ھىجرەتنى تەرك ئېتىشتىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت كاپىرلىق بولماي پاسىقلىق ۋە زالىملىق بولسا ھىجرەتنى تەرك ئەتكەن كىشى گۇناھكار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ گۇناھى كاپىرنىڭ گۇناھىدىن تۆۋەن بولىدۇ.. ئەگەر ھىجرەتنى تەرك ئېتىشتىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت كاپىرلىق ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلارغا ياردەم بېرىش بولسا ھىجرەتنى تەرك ئەتكەن كىشى كاپىر، مۇرتەد بولىدۇ..

بۇ تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ تەقەززاسىدۇر:

وقال تعالى:﴿ إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلائِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ قَالُوا فِيمَ كُنْتُمْ قَالُوا كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِي الْأَرْضِ قَالُوا أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ اللَّهِ وَاسِعَةً فَتُهَاجِرُوا فِيهَا فَأُولَئِكَ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَسَاءَتْ مَصِيراً ﴾النساء:**97**.

﴿ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىننى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار اللە نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! [97].﴾

وقال تعالى: ﴿ الَّذِينَ تَتَوَفَّاهُمُ الْمَلائِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ فَأَلْقَوُا السَّلَمَ مَا كُنَّا نَعْمَلُ مِنْ سُوءٍ بَلَى إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ . فَادْخُلُوا أَبْوَابَ جَهَنَّمَ خَالِدِينَ فِيهَا فَلَبِئْسَ مَثْوَى الْمُتَكَبِّرِينَ ﴾النحل:**28-29**.

﴿ ئۇلار (كۇفرىنى ئىختىيار قىلىپ) ئۆزلىرىگە زىيان

سالغان شارائىتتا، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ. ئۇلار بويسۇنغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ: «بىز ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىدۇق» (دەيدۇ). ئۇنداق ئەمەس، الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر [28]. سىلەر (ئىچىدە) مەڭگۈ قالىدىغان جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، چوڭچىلىق قىلىپ، (الله قا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلارنىڭ بارىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان! ﴾

بۇ ئايەتلەر ھىجرەتنى تەرك ئەتكەن، مۇشرىكلار بىلەن تۇرۇشنى تاللىغان كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان.

شۇڭا سىلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇشرىكلارنى قوللاش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى يامان كۆرۈڭلار.

وقال تعالى: ﴿فادخلوا أبواب جهنم خالدين فيها ﴾

﴿ سىلەر (ئىچىدە) مەڭگۈ قالىدىغان جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، ﴾

بۇ ئايەت -ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن- ئۇلارنىڭ كاپىر ھالەتتە ئۆلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ؛ چۈنكى جەھەننەمدە مەڭگۈ

قىلىش كاپىر ھالەتتە ئۆلگەن كىشىنىڭ ئەھۋالىدۇر. اللە تعالى كاپىر ھالەتتە ئۆلىشتىن ساقلىسۇن..

وفي الحديث فقد صح عن النبي ﷺ أنه قال:" لا يقبل الله تعالى من مشرك أشرك بعدما أسلم عملاً حتى يفارق المشركين إلى المسلمين " [أخرجه ابن ماجه وغيره، صحيح الجامع: 7748]

ئەمما ئۇنىڭ غەرب شەھىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شەھەرگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى مەقسىتىگە كەلسەك: ئۇنىڭ غەرب شەھەرلىرىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى مەقسىتى ۋە ئۇ شەھەرلەردە تۇرۇشى دىنىنى، ئۆزىنى، ئائىلىسىنىڭ تىنچلىقىنى ئىزدەش.. ئەڭ مۇكەممەل يول بىلەن رەببىگە ئىبادەت قىلىش بولۇشى كېرەك ، ھەرگىزمۇ دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىبۇ زىننەتلىرىنى ياكى نىكاھلىنىدىغان بىرەر ئايالنى ئىزدەش بولماسلىقى كېرەك .

**قد صح عن النبي ﷺ أنه قال:" إنما الأعمال بالنيات، وإنما لكل امرئٍ ما**



www.uyghurkitap.com

**نوى، فمن كانت هجرته إلى الله ورسوله فهجرته إلى الله ورسوله، ومن كانت هجرته لدنيا يصيبها أو امرأة ينكحها، فهجرته إلى ما هاجر إليه " [ متفق عليه.]**

پەيغەمبەر - ﷺ- دىن نەقلى قىلىنىدىكى ئۇ مۇنداق دېگەن : «ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىق، ھەرقانداق كىشى مەقسەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن: قانداق كىشىنىڭ ھىجرەت قىلىشتىكى مەقسىتى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن بولغان بولىدۇ.

قانداق كىشىنىڭ ھىجرەت قىلىشتىكى مەقسىتى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان دۇنيا ياكى نىكاھلانماقچى بولغان ئايال ئۈچۈن بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى قەلبىدە مەقسەت قىلىپ ھىجرەت قىلغان نەرسە ئۈچۈن بولغان بولىدۇ. »

مەن دەيمەنكى: ئەگەر نىيەت ياخشى بولسا، ھىجرەتكە ئۈندىگەن سەۋەب ياخشى بولسا، ئۇ شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنسا، ئۇ كىشىگە ئىمان، ئامانلىقى كۆپ بولغان، ئۆزى ۋە ئائىلىسىگە پىتنىسى ئاز بولغان دىيارغا ھىجرەت قىلىش قولاي بولغاندا، ھىجرەت قىلىشتىكى ھەقىقي نىيەتنى ساقلىغان ئاساستا گەرچە ئۇ ھىجرەت قىلىدىغان شەھەر

غەرب دۆلەتلىرىدىن بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ھىجرىتى ـاللە خالىسا ـ اللە يولىدا بولغان بولىدۇ..

ئەگەر نىيەت بۇزۇلسا، ھىجرەتكە ئۇندىگەن سەۋەب بۇزۇلسا ئۇنىڭ ھىجرىتى اللە يولىدىكى ھىجرەت ھېسابلانمايدۇ.. ئېھتىمال ئۇ ئاشۇ دىياردا يۈز بېرىۋاتقان بۇزۇقچىلىقلارنىڭ سەۋەبى بىلەن گۇناھ، جىنايەتلەرگە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن .

ئەگەر يۇقىرىقى نەرسىلەرگە دەلىل نىمە ؟ دېيىلىپ قالسا مەن دەيمەنكى ساھابىلار ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى، ھەبەشىستان كۇپىرى دىيارى ئىدى.. لېكىن نىيەت ياخشى، ھىجرەت قىلىشتا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان سەۋەبلەر تېپىلغان ئىدى.. ئۇلارنىڭ ھىجرىتى اللە يولىدىكى ھىجرەت ھېسابلانغان ئىدى.

قال ابن حزم في المحلى **125/12**: وأما من فرَّ إلى أرض الحرب لظلم خافه، ولم يُحارب المسلمين، ولا أعانهم عليهم، ولم يجد في المسلمين من يجيره، فهذا لا شيء عليه لأنه مضطر مكره.

وقد ذكرنا أن الزهري محمد بن مسلم بن شهاب، كان عازماً على أنه إن مات هشام بن عبد الملك لحق بأرض الروم؛ لأن الوليد بن يزيد كان نذر دمه إن قدر عليه، وهو كان الوالي بعد هشام، فمن كان هكذا فهو معذور ا– هـ.

ئىبنى ھەزىمى مۇنداق دېدى : ئەمما زۇلۇم سەۋەبىدىن ئۇرۇش زېمىنىغا قاچقان، مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش قىلمىغان، مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلارغا ياردەم بەرمىگەن، مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغان كىشى تاپالمىغان كىشىگە كەلسەك ئۇنىڭغا ھېچ زەرەرى يوق چۈنكى ئۇ موھتاج بولغان، مەجبۇرلانغان.

بىزگە زەھىرى شۇنى زىكرى قىلدىكى محمد بن مسلم بن شهاب ھىشام ئىبنى ئابدۇل مەلىك ئۆلسە رۇم زېمىنىغا بېرىشنى ئىرادە قىلدى. چۈنكى ۋەلىد ئىبنى يەزىد قادىر بولسا ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى نەزىر قىلغان ئىدى. ۋەلىد ئىبنى يەزىد ھىشامدىن كېيىن ۋالىي بولغان، كىمكى مۇشۇنداق ئەھۋالدا بولسا ئۇ ئۆزۈرلۈك بولىدۇ. [ ابن حزم في المحلى 125/12]

مەن دەيمەنكى: سەلەپلەرنىڭ ئەڭ چوڭ سالىھ ئۆلىمالىرىدىن بولغان زۆھرى ئىسلام زېمىنى، ئىسلام دۆلىتى، ئىسلام خەلىپىلىكى بار تۇرۇپ ئىجاتلىق يولى ئىزدەپ رۇم شەھىرىگە ھىجرەت قىلىشنى نىشان قىلدى.. لېكىن ئىبنى ھەزىمى دېگەندەك بىر كىشى مەجبۇرلانغان ۋاقىتتا ئۆزۈرلۈك بولىدۇ.

مەن دەيمەنكى: ھازىرقى زاماندا بىز قانداق قىلىمىز؟

زۇلۇم ۋە ئۆز جەمەتىمىزدىن بولغان ھۆكۈمرانلارنىڭ زوراۋانلىقى ۋە كۇپىرلىقى چېكىدىن ئېشىپ شۇ دەرىجىگە يېتىپ باردىكى بۇ زالىم كاپىرلار ساقال، ئىسلامى پاسوندىكى كىيىملەرنى ئېغىر جىنايەت ھېسابلاپ ساقال قويغان كىشىلەرنى، ئىسلامى پاسوندىكى كىيىملەرنى كىيگەن مۇسلىمە ھەمشىرە قېرىنداشلىرىمىزنى كوكۇلىلىرىدىن ۋە پۇتلىرىدىن تۇتۇپ تۈرمىلەرگە تاشلىماقتا..!

بۇنىڭ بىلەن بىرگە بۈگۈن ئۆز دىنىدا زۇلۇمغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلار ئىلتىجا قىلىدىغان ئىسلام زېمىنى يەر شارىدىن يوقالدى..

شۇڭا بۈگۈنكىدەك بۇنداق شارائىتتا ئىكراھ (مەجبۇرلىنىش) نى ئېتىبارغا ئېلىش ئىمام زۆھرى دۇچ كەلگەن ئىكراھ (مەجبۇرلىنىش) نى ياكى شارائىتنى ئېتىبارغا ئېلىشتىنمۇ ئەۋزەل بولغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىدە شەك يوق.. والله تعالى أعلم

**وفي الحديث الذي أخرجه مسلم في صحيحه عن المستورد القرشي قال وهو عند عمرو بن العاص: سمعت رسول الله ﷺ يقول:" تقوم الساعة والروم أكثر الناس "، فقال له عمرو: أبصر ما تقول، قال أقول ما سمعت من رسول**

**الله ﷺ. قال: لئن قلت ذلك إن فيهم لخصالاً أربعاً: إنهم لأحلم الناس عند فتنة، وأسرعهم إفاقةً بعد مصيبة، وأوشكهم كرة بعد فرَّة، وخيرهم لمسكين ويتيمٍ وضعيف، وخامسةٌ حسنةٌ جميلة: وأمنعهم من ظلم الملوك.**

ئىمام مۇسلىم مۇستەۋرىد قۇرەشىيىي (المستورد القرشي)[ مۇستەۋرىد قۇرەشىيىي تابىئىن بولۇپ ئۇنىڭ دادىسى شەدداد قۇرەشىيىي ساھابە ئىدى] دىن نەقلى قىلىشىچە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇستەۋرىد قۇرەشىيىي (المستورد القرشي) ئەمىر ئىبنۇ ئاسنىڭ يېنىدا ئىدى: مۇستەۋرىد قۇرەشىيىي (المستورد القرشي) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «رۇملۇقلار (خىرىستىئانلار) ئەڭ كۆپ بولغاندا قىيامەت قايىم بولىدۇ»،

ئەمىر ئىبنۇ ئاس مۇستەۋرىد قۇرەشىيىي (المستورد القرشي) گە: سەن دېگەن نەرسىلىرىڭگە قاراپ باققىن دېدى . مۇستەۋرىد قۇرەشىيىي (المستورد القرشي) دىدىكى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان نەرسىلەرنى سۆزلەيمەن.

ئەگەر سەن شۇنداق دېسەڭ ئۇلاردا تۆت خىسلەت بار:

1. ئۇلار پىتنە پاساتلارنىڭ قېشىدا ئەڭ مۇلايىم؛
2. ئۇلار مۇسىبەتتىن كېيىن ھوشىنى تېپىشقا

ئالدىرايدۇ؛

3. ئۇلار بۇرۇلۇپ كەتكەندىن يەنە بىر قېتىم ھوشىنى تېپىشقا ئالدىرايدۇ.

4. مىسكىنلەر، يېتىملەر، ئاجىزلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ.

گۈزەل ياخشى بولغان بەشىنچى سۈپەت ئۇلار پادىشاھلارنىڭ زۇلۇمىدىن ساقلىنىدۇ.

ساھابە ئەمرۇبنۇ ئاس بايقىغان 1400-يىلدىن كۆپرەك بۇرۇنقى ھەدىستىكى بۇ ياخشى خىسلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى بىز ھېس قىلىۋاتىمىز.

ھازىر قى زاماندىكى بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرىدە بۇ خىسلەتلەر جارى بولۇۋاتىدۇ .

خۇسۇسەن ‹پادىشاھلارنىڭ زۇلۇمىدىن ساقلىنىدۇ› دېگەن بۇ سۈپەت جارى بولماقتا..!

بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىملىرى -مۇسۇلمان بولسا-بارلىققا كەلتۈرۈشكە تىگىشلىك سۈپەت ئىدى.

-ساھابە سۆزلىگەن- بۇ گۇۋاھلىق بىزنى دۈشمەن قەۋم بىلەن ئارىمىزدىكى ئىشلاردىن توسۇپ قويۇشى لايىق ئەمەس.. چۈنكى بىزنىڭ دىنىمىز ئادىللىق ئۈستىگە قۇرۇلغان.. بىزگە قارشىلىق قىلىۋاتقان، بىز بىلەن ئۇرۇش

قىلىۋاتقان كىشىلەرگىمۇ ئادىل گۇۋاھلىق بېرىش كېرەك .

قال تعالى:﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ لِلَّهِ شُهَدَاءَ بِالْقِسْطِ وَلا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلَّا تَعْدِلُوا اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ ﴾المائدة:8

﴿ ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، الله تىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر [8]﴾

وقال تعالى:﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاءَ لِلَّهِ وَلَوْ عَلَى أَنْفُسِكُمْ أَوِ الْوَالِدَيْنِ وَالْأَقْرَبِينَ إِنْ يَكُنْ غَنِيّاً أَوْ فَقِيراً فَاللَّهُ أَوْلَى بِهِمَا فَلا تَتَّبِعُوا الْهَوَى أَنْ تَعْدِلُوا وَإِنْ تَلْوُوا أَوْ تُعْرِضُوا فَإِنَّ اللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيراً ﴾النساء:135.

﴿ ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ

زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، اللە سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا اللە ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر ﴾

5.مەسىلە:ئامېرىكىدا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىدە تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشۇ دۆلەتتىكى قوشۇندا ئەسكەرلەردەك خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى مۇئەييەنلەشتى.. شەرىئەتنىڭ بۇلار ھەققىدىكى ھۆكۈمى نېمە ؟ ئاشۇ قوشۇن بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلانغان كىشىنىڭ ھۆكۈمى نېمە ؟.. بۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىكراھ (مەجبۇرلىنىش) مۇ؟

جاۋاب: الله تعالى غا چەكسىز ھەمدۇ سانالار بولسۇنكى.. كاپىرلار قوشۇنىدا ئەسكەرلەر ۋە ئۇرۇش قىلغۇچىلارغا ئوخشاش خىزمەت قىلىش دۇرۇس ئەمەس، بۇ شەرىئەت چەكلەيدىغان دوست تۇتۇش ۋە ياردەملىشىشتۇر.

كاپىرلار قوشۇنىدا ئەسكەرلەر ۋە ئۇرۇش قىلغۇچىلارغا ئوخشاش خىزمەت قىلىش شۇ كىشىنى دىندىن چىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ كۇپىرلىق ھېسابلىنىدۇ.

**قال تعالى﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ المائدة:51**

﴿ ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر - بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ [51].﴾

**قال القرطبي في التفسير:﴿ فإنه منهم ﴾ بين تعالى أن حكمه كحكمهم؛ وجبت معاداته كما وجبت معاداتهم، ووجبت له النار كما وجبت لهم، فصار منهم أي من أصحابهم ا- ه.**

قۇرتۇبى ﴿ فإنه منهم ﴾ دىگەن ئايەتنى چۈشەندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: الله تعالى يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتقان كىشىنىڭ ھۆكۈمىنى يەھۇدىي ۋە ناسارالار بىلەن ئوخشاش ھېسابلىدى؛

ئۇ كىشىنى يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا ئوخشاش دۈشمەن تۇتۇش كېرەك ، ئۇ كىشىگە يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا ئوخشاش جەھەننەم ۋاجىبتۇر. چۈنكى ئۇ كىشى يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل ۋاھهاب مۇشرىكلار بىلەن ھەمكارلىشىش ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى ئىسلامنى بۇزغۇچى ئەڭ چوڭ ئامىل ھېسابلىدى. بۇنىڭغا بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈردى:

قال تعالى﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ المائدة:51

﴿ ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ [51].﴾

وقال الشيخ سليمان آل الشيخ في رسالته " أوثق عرى الإيمان ": إن كانت الموالاة في مساكنتهم في ديارهم، والخروج معهم في قتالهم ونحو ذلك، فإنه يحكم على صاحبها بالكفر، كما قال تعالى:﴿ ومن يتولهم منكم فإنه منهم ﴾ا– هـ.

شەيخ سۇلايمان (الشيخ سليمان آل الشيخ) ‹ أوثق عرى الإيمان › ناملىق رىسالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بىر كىشى يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ دىيارىدا ئۇلار بىلەن بىرگە تۇرۇش ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقىش ۋە باشقا ئىشلاردا ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورناتسا بۇ ئىشلار ئۇ كىشىنى كاپىرغا ھۆكۈم قىلىدۇ:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تورى كىتاب تورى ئادرېسى

قال تعالى﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ المائدة:51

﴿ ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر - بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ [51].﴾

قال ابن حزم في المحلى 33/12: وصح أن قوله تعالى:﴿ ومن يتولهم منكم فإنه منهم ﴾ إنما هو على ظاهره بأنه كافر من جملة الكفار، وهذا حق لا يختلف فيه اثنان من المسلمين ا– هـ.

ئىبنى ھەزمى مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ومن يتولهم منكم فإنه منهم ﴾

﴿ سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ﴾

دېگەن بۇ ئايەتكە ئاساسەن يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست

تۇتقان كىشى ئوچۇق-ئاشكارا كاپىردۇر. بۇ ئىككى مۇسۇلماننىڭ بۇ ھەقتە ئىختىلاپ قىلىشقا ئورۇن بولمىغان ھەقىقەتتۇر. [ابن حزم في المحلى 12/33:]

مەن دەيمەنكى: بىز بۇ ھۆكۈملەردىن -كەڭ تارقالغان- يۈسۈپ قەرزاۋىنىڭ پەتىۋاسىنىڭ باتىل ۋە بۇزۇق پەتىۋا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. چۈنكى يۈسۈپ قەرزاۋى ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ئامېرىكا قوشۇنى بىلەن ئافغانىستاندىكى ئاجىز مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش دۇرۇس.. دەپ پەتىۋا بەرگەن.

ئۇ بۇنىڭغا ۋەتەن دوستلۇقىنى ئالدىدا قويۇش ۋاجىپ دەپ سەۋەب بايان قىلغان..

ئۇ مۇسۇلماننى دۆلەتنى دىن ۋە ئەقىدە ۋە ئىسلامى قېرىنداشلىقنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا كۈشكۈرتكەن ..!!

يۈسۈپ قەرزاۋى بۇ ئادالەتسىز پەتىۋادا ئىسلامنى بۇزىدىغان مۇنداق ئىككى خاتالىققا چۈشۈپ قالغان.

بىرىنچىسى: يۈسۈپ قەرزاۋى ئىسلامدا ھاراملىقى ئېنىق بولغان ئىشقا ھالال، دۇرۇس دەپ پەتىۋا بەرگەن..

بۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇشرىكلارغا ياردەم بېرىشتۇر..!!

ئىككىنچىسى: يۈسۈپ قەرزاۋى ۋەتەن، دۆلەتنى ياخشى كۆرۈشنى ئەقىدە، دىننى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئالدىغا قويغان.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىسلامدىكى الله ئۈچۈن دوست بولۇش ۋە الله ئۈچۈن ئادا-جۇدا بولۇش (عقيدة الولاﺀ والبراﺀ في الإسلام) ئەقىدىسىنى يوققا چىقىرىدىغان ۋە اللهنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى بولغان مۇشرىكلار ۋە كاپىرلارنى دوست تۇتۇشقا ئېلىپ بارىدىغان سۆزدۇر!

يۈسۈپ قەرزاۋى يۇقىرىقىلارغا قوشۇپ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئافغانىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىۋاتقان ھەربىر جىنايەتلىرىدە .. ئۇلار ئافغانىستان زېمىنىغا، بالىلىرىغا، ئافغانىستان مۇسۇلمانلىرىغا ئېتىۋاتقان ھەربىر بومبىلاردا ئامېرىكىلىقلارغا شېرىكتۇر..!!

يۈسۈپ قەرزاۋى -ئامېرىكىلىقلارنىڭ بومبىلىرى ئۆلتۈرگەن كىشىلەردىن- نەچچە مىڭلىغان بالىلار، ئاياللار، ئافغانىستاندىكى مۇسۇلمان شەيخلەر ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ بوينىدىن سىققاندا ۋە ئۇلار ئەڭ ئادىل ھاكىم بولغان اللهنىڭ ئالدىدا يۈسۈپ قەرزاۋىدىن: سەن مۇسۇلمانلارغا بىزنى ئۆلتۈرۈش، بىزگە ئۇرۇش قىلىش دۇرۇس دەپ پەتىۋا بەردىڭ دەپ سوراشتىن باشقا، سەن ئامېرىكا كاپىرلىرىغا بىزنى ئۆلتۈرۈش، بىزگە ئۇرۇش قىلىش دۇرۇس دەپ قانداق پەتىۋا بەردىڭ دەپ سورايدىغان كۈندە ئۇ بۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىدۇ قېنى..؟!! ئۇ قانداقمۇ جاۋاب بېرەلىسۇن !

**عن عبد الله بن مسعود، عن النبي ﷺ قال:" يجيء الرجل آخذاً بيد الرجل، فيقول: يا رب هذا قتلني، فيقول الله له: لِمَ قتلتَه؟ فيقول قتلتُه لتكون العزة لك، فيقول: فإنها لي. ويجيء الرجل آخذاً بيد الرجل فيقول: إن هذا قتلني، فيقول الله له: لم قتلته؟ فيقول: لتكون العزة لفلان، فيقول: إنها ليست لفلان، فيبوء بإثمه " [صحيح سنن النسائي: 3732.]**

ئىبنى مەسئۇد(عبد الله بن مسعود)تىن نەقلى قىلىنىشىچە پەيغەمبەر -ﷺ- مۇنداق دېگەن : «(قىيامەت كۈنى) بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كېلىپ دەيدۇكى ئى رەببىم! بۇ كىشى مېنى ئۆلتۈردى.

الله ئۇ كىشىگە دەيدۇكى سەن نېمە ئۈچۈن بۇ كىشىنى ئۆلتۈردۈڭ؟

ئۇ كىشى دەيدۇكى مەن بۇ كىشىنى ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ سەن ئۈچۈن بولۇشى ئۈچۈن ئۆلتۈردۈم دەيدۇ.

الله ئۇ كىشىگە دەيدۇكى ئىززەت-ھۆرمەت ماڭا خاستۇر.

بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كېلىپ دەيدۇكى ئى رەببىم! بۇ كىشى مېنى ئۆلتۈردى.

الله ئۇ كىشىگە دەيدۇكى سەن نېمە ئۈچۈن بۇ كىشىنى ئۆلتۈردۈڭ؟

ئۇ كىشى دەيدۇكى مەن بۇ كىشىنى ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

پالانى كىشى ئۇچۇن بولۇشى ئۇچۇن ئۆلتۈردۈم دەيدۇ. اللە ئۇ كىشىگە دەيدۇكى ئىززەت-ھۆرمەت پالانىغا خاس ئەمەستۇر. ئۇ كىشى جىنايىتى بىلەن قايتىدۇ.» [صحيح سنن النسائي: 3732.]

ئافغانىستانلىق ھەربىر شەيخ ، ئافغانىستانلىق ھەربىربالا، ئافغانىستانلىق ھەربىر ئايال .. ۋە ئۇلاردىن باشقا ئامرىكا كاپىرلىرىنىڭ بومبىسى ئۆلتۈرگەن اللەنىڭ ھەربىر مۇسۇلمان بەندىلىرى كېلىپ ئى رەببىم! يۇسۇپ قەرزاۋى ئادالەتسىز پەتىۋالىرى بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشىگە ياردەم بەردى دېگەن ۋاقىتتا سىز يۇسۇپ قەرزاۋىنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى كۆرىسىز..؟!

يۇسۇپ قەرزاۋى ئىززەتنىڭ اللەغا بولۇشى ئۈچۈن مۇشۇنداق پەتىۋا بەردىم دەرمۇ؟ ياكى ئىززەتنىڭ ئامېرىكىغا بولۇشى ئۈچۈن مۇشۇنداق پەتىۋا بەردىم دەرمۇ؟..
ئىززەت پەقەت اللە ئۈچۈندۇر..؟!!

ئەگەر كاپىرلار دىياردىكى مۇسۇلمان مۇشرىكلار بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چىقىشقا مەجبۇرلانسا ئۇ قانداق قىلىدۇ دېيىلىپ قالسا..؟

مەن دەيمەنكى : ئەگەر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرلىنىشى، بۇ مۇسۇلمان مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا

مەجبۇرلىنىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشقا قادىر بولالايدىغان تۇرۇپ ۋەتەننى، دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىنى ئارتۇق بىلىپ ھىجرەت قىلمىغان دەرىجىدە ئۆزۈرىسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان بولسا ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۆزۈرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

بۇ كىشى مۇشرىكلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىپ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇشرىكلارنىڭ ھۆكۈمى تەتبىقلىنىدۇ.. ئۇلارنىڭ مەجبۇرلانغان ئۆزرىسى يۇقىرىدا ئۆتكەندەك قوبۇل قىلىنمايدۇ.

**قال القرطبي في التفسير 349/5: عن عكرمة قال: كان الناس بمكة أقروا بالإسلام ولم يُهاجروا، فأُخرج بهم كرهاً إلى بدر، فقتل بعضهم، فأنزل الله فيهم﴿الذين توفاهم الملائكة ظالمي أنفسهم ﴾ ا- ه.**

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: ئىكرەمەدىن نەقلى قىلىنىشىچە مەككىدە بىر تۈركۈم كىشىلەر مۇسۇلمان بولغان لېكىن ئۇلار ھىجرەت قىلمىغان، ئۇلار مەجبۇرى ھالدا بەدىر ئۇرۇشىغا ئېلىپ چىقىلغان بۇ ئۇرۇشتا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قەتلى قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن الله بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

﴿الذين توفاهم الملائكة ظالمي أنفسهم﴾

﴾ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، ..﴿

ئەمما مۇسۇلمان ھىجرەت قىلىشقا ھېچقانداق يول ۋە چارە-تەدبىر تاپالماي كۇپرى دىيارىدا تۇرۇپ قىلىپ مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشقا چىقىشقا مەجبۇرلانغان كىشى الله تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن ياردەم قىلغان كىشىلەردىن بولىدۇ:

﴿ إِلَّا الْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاءِ وَالْوِلْدَانِ لا يَسْتَطِيعُونَ حِيلَةً وَلا يَهْتَدُونَ سَبِيلاً ﴾النساء:**98**.

﴾ پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، بالىلاردىن چارىسىز قالغان (يەنى ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان)، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا [98]﴿

ئاندىن كېيىن ئۇلار بۇ مۇسۇلماننى ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇشقا چىقىشقا مەجبۇرلىسا بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھۆكۈمى شۇكى مەجبۇرى ئۇرۇش مەيدانىغا ئېلىپ كېلىنگەن

مۇسۇلمان گەرچە مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئوق چىقارسىمۇ كاپىرلار سىپىدىكى مۇسۇلمان مۇسۇلمانلارغا ئوق چىقارمايدۇ ياكى مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ.

مۇسۇلمانلار كاپىرلار سىپىدىكى مۇسۇلمانغا ئوق چىقىرىدۇ لېكىن گەرچە كاپىرلار سىپىدىكى مۇسۇلمان مۇسۇلمانلارغا ئوق چىقارمىغاندا بۇ ئىش ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ياكى مۇشرىكلار تەرىپىدىن تۈرمىگە قاماشقا ئېلىپ بارغان تەقدىردىمۇ ئۇ مۇسۇلمانلارغا ئوق چىقارمايدۇ. چۈنكى بۇ مۇسۇلماننىڭ قىنى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ قىنىدىن قەدىرلىك ئەمەس. گەرچە ئۇ ۋەتىنىدە ئۆزۈرلۈك بولسىمۇ ئىكراھ (مەجبۇرلاش) ئۇ مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈشكە يول قويمايدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ـمۇسۇلمانلارنىڭ بەزىسىنىڭ بەزىسى بىلەن بولغان ـ پىتنە ئۇرۇشىدا بولسا مۇسۇلمان گەرچە بۇنداق قىلىش ئۆلۈشكە ئېلىپ بارسىمۇ قاتىلنىڭ بارلىق جىنايەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن قورالىنى تاشلىۋېتىپ ياغاچ قىلىچنى قولىغا ئېلىشى ۋاجىپ بولىدۇ...

مۇشرىكلار، كاپىرلار غا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇجاھىد مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندا ئەڭ ياخشىسى قىلىچنى سۇندۇرۇۋېتىشى ۋە ئۇنى مۇسۇلمان

قىرىندىشىنىڭ مەيدىسى تەرەپكە تەڭلىمەسلىكى كېرەك .

قال ﷺ:" إنها ستكون فتنة وفرقة واختلاف، فإذا كان كذلك، فأتِ بسيفك أحُداً فاضربه حتى ينقطع، ثم اجلس في بيتك حتى تأتيك يدٌ خاطئة، أو منية قاضية "[1]

پەيغەمبەر -ﷺ- شۇنداق دەيدۇكى «يېقىندا پىتنە، بۆلۈنۈش، ئىختىلاپلار يۈز بېرىدۇ، سەن قىلىچىڭنى ئۇھۇد تېغىغا ئېلىپ كېلىپ ئۇنى سۇنغىچە ئۇرغىن، ئاندىن سىنىڭ قېشىڭغا خاتالاشقۇچى قول ياكى ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر ئۆيۈڭدە ئولتۇرغىن.»

وقال ﷺ:" إذا كانت الفتنة بين المسلمين فاتخذ سيفاً من خشب "[2].

پەيغەمبەر -ﷺ- شۇنداق دەيدۇكى « ئەگەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە بولسا ياغاچ قىلىچنى ئالغىن»
بۇ پىتنە ئۇرۇشىدا ئۆزنى چەتكە ئېلىشتىن كىنايە!

ئەگەر ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلسە ..

---

[1] صحيح سنن ابن ماجه:1024.

[2] صحيح سنن ابن ماجه: 1433.

ئۇنىڭ ھۆكۈمى نېمە ؟ دېيىلسە ..

مەن دەيمەنكى : ئۇ قىيامەت كۈنى نىيىتىگە ئاساسەن تىرىلىدۇ.. مۇسۇلمانلارغا گۇناھ يوقتۇر؛ چۈنكى ـئۇرۇش مەيدانىداـ مۇسۇلمانلار كاپىرلار مەجبۇرى ئۇرۇشقا ئېلىپ چىققان مۇسۇلماننى پەرقلەندۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ.

**قال ابن تيمية في الفتاوى 547/28: ونحن لا نعلم المكره، ولا نقدر على التمييز، فإذا قتلناهم بأمر الله كنا في ذلك مأجورين ومعذورين، وكانوا هم على نياتهم، فمن كان مكرهاً لا يستطيع الامتناع فإنه يُحشر على نيته يوم القيامة، فإذا قُتل لأجل الدين لم يكن ذلك بأعظم من قتل من عسكر المسلمين ا- ه.**

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: بىز كاپىرلار مەجبۇرى ئۇرۇشقا ئېلىپ چىققان مۇسۇلماننى بىلەلمەيمىز، پەرقلەندۈرۈشكىمۇ قادىر بولالمايمىز، ئەگەر بىز ئۇنى اللهنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆلتۈرسەك ئەجىرگە ئېرىشىمىز، ئۆزرىمىز ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، ئۇلار قىيامەت كۈنى نىيىتىگە ئاساسەن تىرىلىدۇ..

قانداق مۇسۇلماننى كاپىرلار مەجبۇرى ئۇرۇشقا ئېلىپ چىققان بولسا، ئۆزىنى قوغداشقا قادىر بولالمىسا ئۇ قىيامەت كۈنى نىيىتىگە ئاساسەن ھەشىر قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان دىن ئۈچۈن قەتلى قىلىنغان بولسا بۇ ئۇنىڭ

مۇسۇلمان ئەسكەرلەر تەرەپتىن قەتلى قىلىنغىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى پاك مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇرلىسا مەجبۇرلانغان كىشىنىڭ گەرچە ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇرلىسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن پاك مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى مەجبۇرلانغۇچىنىڭ پاك مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدىشى، مۇسۇلماننى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشىدىن ئەۋزەل ئەمەس. [ابن تيمية في الفتاوى 547/28]

مەن دەيمەنكى : مۇسۇلماننىڭ كاپىر ۋە مۇشرىك ئەسكەرلەر بىلەن ئۇرۇشقا چىقىش بىلەن تۇرمىگە كىرىشنىڭ بىرىنى تاللىشى توغرىسىدا مەن شۇنداق قارايمەنكى گەرچە مۇسۇلماننىڭ كاپىر ۋە مۇشرىك ئەسكەرلەر بىلەن ئۇرۇشقا چىقىشى كاپىرلارغا سەپلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشتىن باشقا پايدا يەتكۈزمىگەن تەقدىردىمۇ بۇ مۇسۇلماننىڭ تۇرمىگە كىرىشى ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىقىشتىن ياخشىدۇر.

6-مەسىلە:كاپىر دۆلەتلىرىدە تۇرغان، شۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمى نىمە ؟ ئۇلارنىڭ قانداق مەجبۇرىيىتى بار؟

جاۋاب: الله تعالى غا چەكسىز ھەمدۇ سانالار بولسۇنكى.. كاپىر دۆلەتلىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇسۇلمانلارنىڭ نەچچە يۈز مىليوندىن ئاشىدۇ. شۇڭا سىزنىڭ ئۇلارنى ئۆز دىيارلىرىنى تاشلاپ ئۇلار بىلمەيدىغان جايغا ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان پەتىۋا بېرىشىڭىز ۋە چاقىرىق قىلىشىڭىز مۇمكىن بولمايدۇ...!

بۇ مەسىلىگە جاۋاب شۇكى كاپىر دۆلەتلىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇسۇلمانغا شەرىئەتتە ئۈچ خىل تاللاش يولى بولىدۇ..

ئۇ ئۈچ يولنىڭ دىنى ۋە ئۆزىگە ئەڭ ياخشى بولغىنىنى تاللايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. كۇفرى شەھىرىدە تۇرغان مۇسۇلماننىڭ كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئامانلىقىغا، ئەھدىسىگە، ئۇلار ئۇنىڭغا بېكىتكەن قائىدە-نىزاملارغا رازى بولۇشى.. لېكىن مۇسۇلمان ئۇلارنىڭ ئەھدىسىگە، ئالدىنىپ قالماسلىقى ياكى ئۇلار چەكلىگەن ئىشلارغا قارىشى تۇرۇشى

لازىم، بولۇپمۇ مۇسۇلمان دىنىنى ئاشكارىلاشقا قادىر بولغاندا.. ۋە ئۆزگە پەرز قىلىنغان دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشقا قادىر بولغان ۋە دەۋەت ۋەزىپىسى بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقاندا تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك .

ئەگەر كۇفرى شەھىرىدە تۇرغان مۇسۇلمان بىلەن ئۇنىڭ كاپىر دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمىدە نۇرغۇنلىغان ھەقلەر ۋە مەجبۇرىيەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولىدۇ.. بۇ كېلىشىمىدە نۇرغۇنلىغان شەرىئەتكە قارشى كېلىدىغان مەجبۇرىيەتلەر بار..؟! دېيىلسە .. مەن بۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بېرىمەنكى: كاپىرلار ئوتتۇرىغا قويغان بىزنىڭ توغرا شەرىئىتىمىزگە قارشى كەلمەيدىغان ھەقلەر ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشنى شەرىئەت چەكلىمەيدۇ..

ئىسلام شەرىئىتىگە ۋە ئىسلام ئەقىدىسىگە قارشى كېلىدىغان ھەرقانداق ئەمەلنى قىلماسلىقى ۋە قادىر بولسىلا شەرىئەتكە مۇخالىپ كېلىدىغان ئىشلارغا چۈشۈپ قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك .. چۈنكى اللهغا ئاسىي بولۇپ قالىدىغان ئىشلاردا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.

بىز ئىشارەت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى نۇرغۇن شەھەردىكى مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ ياۋروپادىكى مۇسۇلمانلار دىنىنى، ئەقىدىسىنى ئاشكارىلاشقا

ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا، دىننى مەجبۇرىيەتنى ئەركىن -ئازادە ئورۇنداشقا.. ئۆزىنى -يالغاندىن - ئىسلامى شەھەر دەپ ئاتىۋالغان ئەرەب شەھەرلىرى ۋە ئۇندىن باشقا شەھەرلەردە تۇرغان مۇسۇلمانلاردىنمۇ ياخشىراق ئورۇنداشقا قادىر بولالايدۇ..

2.كۇفرى شەھىرىدە تۇرغان مۇسۇلمان كاپىرلارغا ئەھدىسىنى، ئامانلىقىنى تاشلاپ بېرىشى ، قادىر بولسا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېلان قىلىشى كېرەك ..

شەرىئەت ئۇلارغا مۇشۇنداق قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.. بۇ ھالەتتە كۇفرى شەھىرىدە تۇرغان مۇسۇلمان كاپىرلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلغان بولىدۇ..

شۇنىڭدەك كاپىرلارمۇ كۇفرى شەھىرىدە تۇرغان مۇسۇلماندىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى ئاخىرلاشتۇرغان بولىدۇ.

ئىككىسىدىن بىرى يەنە بىرىگە ھالال بولىدۇ. (يەنى ئىككىسى بىر- بىرىگە ئۇرۇش قىلسا شەرىئەتتە توغرا بولىدۇ)

3. كۇفرى شەھىرىدە تۇرغان مۇسۇلمان ھىجرەتنىڭ ئەھكاملىرى توغرىسىدا يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تەپسىلاتلار ۋە

پايدا-زىيانلار، ھىجرەت قىلىشتىكى سەۋەب ۋە مەقسەتلەرگە رىئايە قىلغان ھالدا ھىجرەت قىلىشقا يول ۋە ﷲغا ئىبادەت قىلىدىغان يۇرتىدىكىدىنمۇ ياخشى ئورۇن تاپالىسا ھىجرەت قىلىشى كېرەك .

ئەگەر كۇفرى شەھىرىدە تۇرغان مۇسۇلمان ﷲغا ئىبادەت قىلىدىغان يۇرتىدىكىدىنمۇ ياخشى ئورۇن تاپالمىسا قانداق قىلىدۇ؟! دېيىلىپ قالسا..

مەن شۇنداق جاۋاب بېرىمەنكى: بۇ ھالەتتە ئۇ ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇرلانمايدۇ.. بۇ كىشى بۇ ۋاقىتتا يۇقىرىدا ئۆتكەندەك ھىجرەت قىلىش تەكلىپى ساقىت بولغان ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمىغان ئاجىز كىشىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

يامانلىقتىن ئۇنىڭغا ئوخشاش يامانلىققا يۆتكىلىشتە نۇرغۇنلىغان تىرىشچانلىق، كۈچ -قۇۋۋەت، نۇرغۇن ۋاقىتنى سەرپ قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئۇ شەرىئەت چەكلەيدىغان بىھۇدە ئىشتۇر.

مانا بۇ - ئىسلام بۇنى كۇفرى شەھىرىدە تۇرغان مۇسۇلمانىنىڭ ئالدىدا قويغان- ئۈچ خىل تاللاشتۇر. كۇفرى شەھىرىدە تۇرغان مۇسۇلمان بۇلاردىن قايسىغا قادىر بولسا، قايسى تاللاش دىنى، ئۆزى، ئەھلى، ئۇممىتى ئۈچۈن ياخشى بولسا شۇنى تاللاپ ئۇنىڭغا قەدەم ئالىدۇ. والله تعالى أعلم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

7-مەسىلە:سىلەر نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇپمۇ ئەرەب شەھەرلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشۇ شەھەردىكى تاغۇت ھاكىملار تەرىپىدىن زۇلۇم، ئازاب-ئوقىبەتلەرگە ئۇچىراۋاتقانلىقىنى بىلىسىلەر.. سىلەر بۇلارنى چوقۇم ھىجرەت قىلىش كېرەك دەپ قارامسىلەر ؟.. ئۇلار زادى قەيەرگە ھىجرەت قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ئۇلارغا نىسبەتەن ئەڭ ئەۋزەل يول قايسى؟

جاۋاب: الله تعالى غا چەكسىز ھەمدۇ سانالار بولسۇنكى..
ئۇممەتنىڭ ھاكىملىرى مۇرتەد بولغان ۋە ئۇممەتكە ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ ئىسلام ئۇممىتىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دوست بولغان ۋاقىتتا ئۇممەتنىڭ مەجبۇرىيىتى شۇكى ئۇممەت ئۇلارغا ئۇرۇش ۋە جىھادنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلان قىلىشى، ئۇممەتنى ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن، كۇپىرلىقىدىن، مۇناپىق - خائىنلىقىدىن قۇتقۇزۇشى كېرەك ..
دىيارنى ئۇلارغا زىمىندا بۇزۇقچىلىقنى تارقىتىشى ئۇچۇن تاشلاپ بەرمەسلىكى كېرەك ..
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ۋەسىيەت قىلغان ۋە بۇيرۇغان .

**عن عبادة بن الصامت قال:" دعانا النبيُّ ﷺ فبايعناه، فيما أخذ علينا أن بايعنا على السمع والطاعة في منشطنا ومكرهنا، وعُسرنا ويُسرنا، وأثرة علينا، وأن لا ننازع الأمر أهله، إلا أن تروا كفراً بواحاً عندكم من اللهِ فيه برهان " متفق عليه.**

ئۇبادە(عبادة بن الصامت)دىن نەقلى قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دېگەن : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى چاقىردى، بىز ئۇنىڭغا بەيئەت بەردۇق، ئۇ بىزدىن ئاكتىپ ھالىتىمىزدە ۋە يامان كۆرگەن ھالىتىمىزدە، قىيىنچىلىق ھالىتىمىزدە، ئاسانچىلىق ھالىتىمىزدە شەخسىيەتچىلىك غەلىبە قىلغان ھالىتىمىزدە ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا، ئۇ توغرىسىدا الله تەرەپتىن كەلگەن پاكىت بولغان ئاشكارا بىر كۇپرىلىقنى كۆرمىسەڭلار ئىشنى ئۆز ئەھلىدىن تارتىۋالماسلىققا بەيئەت ئالدى. { متفق عليه }

سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىماملاردىن ئاشكارا كۇپۇرلۇق سادىر بولسا ۋە ئۇلار ئۇممەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە قارشى چىققاندا ساھابىلىرىغا بۇ ئىماملارغا جىھاد قىلىشقا ۋە ئۇرۇش قىلىشقا قانداق يوليورۇق بەرگەنلىكىنى.. ئىماملارنىڭ شەھەردە

بۇزۇقچىلىقنى يامرىتىشى ئۈچۈن شەھەرنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىشكە بۇيرىمىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ !

وفي رواية عند مسلم: قالوا ـ أي الصحابة ـ أفلا نقاتلهم؟ قال ﷺ:" لا، ما صلوا ".

مۇسلىمدىن نەقلى قىلىنىشچە ساھابىلار: بىز ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىمىزمۇ؟ ـدېدى .
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ياق، ئۇلار ناماز ئوقۇسا ئۇلارغا ئۇرۇش قىلماڭلار!"

يەنى سىلەر ئۇلارغا پەقەت ئۇلاردىن ئاشكارا كۇپرىلىقنى كۆرگىنىڭلاردا ئاندىن ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىڭلار. ئاشكارا كۇپۇرلۇق دېگەن ئىمامىلارنىڭ نامازنى تەرك ئېتىشى ۋە نامازغا بۇيرۇشنى تەرك ئېتىشىدۇر ـدېدى ..
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار!! بەلكى سىلەر شەھەرنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ ھىجرەت قىلىڭلار دېمىدى..

وفي رواية عند مسلم كذلك، قال :" خيار أئمتكم الذين تحبونهم ويحُبونكم، وتصلون عليهم ويُصلون عليكم، وشرار أئمتكم الذين

**تبغضونهم ويبغضونكم، وتلعنونهم ويلنونكم "، قالوا: قلنا يا رسول الله أفلا ننابذهم عند ذلك؟ قال:" لا، ما أقاموا فيكم الصلاة، لا ما أقاموا فيكم الصلاة ".**

مۇسلىمدىن نەقلى قىلىنىشچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : "سىلەرنىڭ ئىماملىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى سىلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرۈدىغان ، ئۇلارمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرۈدىغان ، سىلەر ئۇلار بىلەن بىللە ناماز ئوقۇيدىغان، ئۇلارمۇ سىلەر بىلەن ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەردۇر.

سىلەرنىڭ ئىماملىرىڭلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى سىلەر ئۇلارنى ئۆچ كۆرۈدىغان ، ئۇلارمۇ سىلەرنى ئۆچ كۆرۈدىغان ، سىلەر ئۇلارغا لەنەت قىلىدىغان، ئۇلار سىلەرگە لەنەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر." دېدى .

ساھابىلار: دەيدۇكى ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئاشۇ ۋاقىتتا بىز ئۇلارنى تاشلىۋىتىمىزمۇ؟ دېسەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ياق، ئۇلار سىلەر بىلەن ناماز ئوقۇسا ئۇلارنى تاشلىۋەتمەڭلار.. ئۇلار سىلەر بىلەن ناماز ئوقۇسا ئۇلارنى تاشلىۋەتمەڭلار.."-دېدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ناچار ئىماملارغا ئۇرۇش قىلىشقا ۋە ئۇلار بىلەن جىھاد قىلىشقا، يۇرتىنى ئۇلارغا تاشلاپ بەرمەسلىككە قانداق يوليورۇق بىرىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ !

شۇنىڭدەك يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلەرگە يوليورۇق بېرىشىنى ۋە ناچار ئىماملارغا ئۇرۇش،جىھاد قىلىدىغان مۇناسىپ ۋاقىتنى بەلگىلەپ بەرگەنلىكىنى، ئۇلارغا بارلىق ئۇممەتنىڭ يۇرتلىرىنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ مۇتلەق ھىجرەت قىلىش تەكلىپىنى بەرمىگەنلىكىنى ئويلاپ بېقىڭ !!

ئۇلارغا مۇشۇ ھالەتتە زورۇر بولغىنى ناچار ئىماملار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋە جىھاد قىلىش ھەمدە قوشۇندىن قاچماي مۇستەھكەم تۇرۇش، شەھەرلەرنى دىنسىزلارغا كاپىرلارغا تاشلاپ بەرمەسلىكتۇر..!

يۇقىرىقى سۆزلىرىمىز ھەرگىزمۇ ئۇممەتنىڭ ھىجرەت قىلىش ئىشىكى تاقالدى دېگەننى ئۇقتۇرمايدۇ... ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.. چۈنكى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك دۈشمەنگە جىھاد قىلىنىدىكەن ھىجرەت قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ.. لېكىن بۇ يەردىكى ھىجرەت پەۋقۇلاددە ھالەت بولۇپ بۈندىن بۇرۇنقى زۆرۈرىيەتلەرگە ماس ھالدا الله يولىدىكى جىھادنىڭ مەنپەئەتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە

ئىلىپ بېرىلىدۇ ...

ھۆكۈم قىلىشتا بىزنى بارلىق سەۋەبلەرنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا ھۆكۈم قىلىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئەگەر ئۇممەت ئۇلارغا ئۇرۇش ۋە جىھاد قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ قالدى .. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ دېيىلسە .. مەن بۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بېرىمەنكى:

ئۇممەت ئۇلارغا ئۇرۇش ۋە جىھاد قىلىشتىن ۋە تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشقا ۋە ئۆزىنى قوغداشتىن ئاجىز كېلىپ قالسا .. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا جىھاد قىلىپ تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇلاردىن قۇتقۇزۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن قوغداشقا قادىر بولىدىغان مۇسۇلمانلار جامائىتى يېتىلىپ بولغىچە تەييارلىق قىلىشى ۋە پۇرسەت كۈتۈشى كېرەك .

گەرچە بۇ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئەمەلگە ئاشسىمۇ ئۇلار ئۆزلىرى بىلمەيدىغان جايلاردا بەنى ئىسرائىل قايمۇقۇپ يۈرگەندەك تېگىمرقاپ يۈرمەسلىكى كېرەك .

قال تعالى:﴿ وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ

شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنْتُمْ لا تُظْلَمُونَ ﴾الأنفال:60.

﴿ دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن، اللە نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر ، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، اللە تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ اللە يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ) [60].﴾

مۇسۇلمانغا ئىككى خىل تاللاش ئارىسىدا بولىدۇ: ياكى اللە يولىدا جىھاد قىلىدۇ، ۋە ياكى جىھادقا تەييارلىق قىلىدۇ..

ئەگەر ئۇ جىھادتىن ئاجىز كەلسە ئۆزىدىن اللەنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ھالەتنى يوقىتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ...

ھىجرەت بولسا پەۋقۇلادە ۋاقىتلىق ھالەتتۇر.. ھىجرەت بولسا جىھاد قىلىش ۋە جىھادقا تەييارلىق قىلىشتىن ئاجىز كەلگەندە بولىدىغان ئۈچىنچى خىل تاللاشتۇر..

سانى مىلياردتىن ئاشىدىغان مۇسۇلمان ئۇممەتنىڭ

ھەممىسىنى ئاجىز دەپ پەرەز قىلىش دۇرۇس ئەمەس..!!

**قال ابن تيمية في الفتاوى 259/28: يجب الاستعداد للجهاد بإعداد القوة ورباط الخيل في وقت سقوطه للعجز؛ فإن مالا يتم الواجب إلا به فهو واجب ا- هـ.**

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: جىھادتىن ئاجىز كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن جىھاد قىلىش ساقىت بولغان ۋاقىتتا قولىدىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاش بىلەن جىھادقا تەييارلىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ؛ جىھاد قىلماستىن ئىنساننىڭ گەدىنىدىكى مەجبۇرىيەت ئادا بولمايدۇ.. چۈنكى جىھاد ۋاجىبتۇر.

بۇنىڭدىن سىرت تاغۇت ھۆكۈمرانلار خۇددى ئوغرىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئوغرىلار ئۆيلەرگە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۆي ئەھلى ئۆيدىن ئايرىلغان، ئۆيدە ئادەم قالمىغان ۋاقىتتا تولۇق ئەمەلگە ئاشىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۆيدە خاتىرجەم ھالدا بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى باشلايدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش تاغۇت ھاكىملارمۇ قەدىمدىن باشلاپ زۇلۇمغا، كاپىرلارنىڭ جاپاسىغا رازى بولمايدىغان، كاپىرلارغا قارشى تۇرىدىغان، ياكى ئۇلارنى ئىنكار قىلىدىغان

www.uyghurkitap.com

كىشىلەردىن شەھەرنى تازىلىغان.. شەھەر ئۇلارغا خالى قالغان.. شەھەر تاغۇت ھاكىملار ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىشىغا خالى قالغان ۋاقىتتا ئۆز سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ھەتتاكى ئۇلار خاتىرجەم ھالدا خالىغان ئىشلارنى قىلغان چۈنكى شەھەردە ئۇلاردىن ھېساب ئالىدىغان، ئۇلارنى كۆزىتىدىغان كىشى قالمىغان.

بۇ سىياسەتنى تاغۇتلار بۇندىن بۇرۇن يۈرگۈزگەن .. ھېلىمۇ ـ ھەم ئۇلار بۇ سىياسەتنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ.. ھەمدە قىيامەتكىچە يۈرگۈزىدۇ..

**قال تعالى عنهم:﴿ وَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِ إِلَّا أَنْ قَالُوا أَخْرِجُوهُمْ مِنْ قَرْيَتِكُمْ إِنَّهُمْ أُنَاسٌ يَتَطَهَّرُونَ ﴾الأعراف:82.**

﴿ لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ بىردىنبىر جاۋابى: «لۇتنى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قوشۇپ شەھىرىڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار پاك كىشىلەردۇر» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى [82].﴾

**وقال تعالى:﴿وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لِرُسُلِهِمْ لَنُخْرِجَنَّكُمْ مِنْ أَرْضِنَا أَوْ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَا فَأَوْحَى إِلَيْهِمْ رَبُّهُمْ لَنُهْلِكَنَّ الظَّالِمِينَ ﴾إبراهيم:13.**

﴿كاپىرلار پەيغەمبەرلىرىگە: «سىلەرنى زېمىنىدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. ئۇلارغا پەرۋەردىگارى (مۇنداق) ۋەھيى قىلدى: «زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز [13].﴾

ئاشۇ كاپىرلارنىڭ ھەممىسى زامان ۋە ياشىغان ماكانىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قارىماستىن پەيغەمبەرلىرىگە بىرلا سۆزنى دېدى :

﴿ لنخرجنكم من أرضنا ﴾

﴿ سىلەرنى زېمىنىدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز ﴾

چۈنكى سىلەرنىڭ ۋە ئەگەشكۈچىلىرىڭلارنىڭ بۇ زېمىندا مەۋجۇت بولۇشى بىزنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىش يولىمىزغا ۋە ھۆكۈمرانلىق قانۇنىمىزغا توسالغۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەردىن قۇتۇلۇشىمىز كېرەك .. سىلەر ۋە ئەگەشكۈچىلىرىڭلارنىڭ ئۆلۈم ياكى بىزنىڭ دىنىمىزغا، بىزنىڭ يولىمىزغا كىرىشتىن باشقا ئامالىڭلار يوق..

مانا بۇ بۇندىن بۇرۇنقى ۋە بۇندىن كېيىنكى زالىملارنىڭ تاللىشى..

شۇڭا ئۇممەتكە ۋە ئۇنىڭ ئاۋانگارت مۇجاھىدلىرىغا كاپىرلارنىڭ بۇ رەزىل مەقسىتىنى ئۆزلۈكىدىن ، ئاسان يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىشى لايىق بولمايدۇ..

ئۇلار ئەگەر بۇنداق قىلسا (شەھەرنى ئۇلارغا ئاسانلا تاشلاپ بەرسە) ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلماستىن كاپىرلارنىڭ قەلبىنى خۇشاللىق ۋە سائادەتكە چۆمدۈرىۋېتىدۇ..!

8-مەسىلە:مۇسۇلمان ئايالغا، بولۇپمۇ مۇسۇلمان ئايالنىڭ يۈز-ئابرۇيى ، نام شەرىپى دۈشمەنلەر يەنى ئىنسانىيەت ئىچىدىكى ياۋۇز بۆرىلەر تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىشقا ئۇچراپ قىلىنىشتىن قورققان ۋاقىتتا مەھرەمسىز ھىجرەت قىلىش دۇرۇس بولامدۇ؟

جاۋاب: الله تعالى غا چەكسىز ھەمدۇ سانالار بولسۇنكى..

ئەگەر ئايالغا ھىجرەت قىلىش مۇئەييەنلەشسە .. سوئالدا سۆزلەنگەن ئايال كىشىنى تۇرمىگە قاماش ياكى ئايال كىشىنىڭ يۈز ئابرۇيىنى دەپسەندە قىلىش ئېھتىماللىقى بولسا .. ئايال كىشى ھىجرەت قىلىشقا ۋە زالىم تاغۇتلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ۋە زۇلۇم قىلىشىدىن قۇتۇلۇشقا چارە تاپالمىسا بۇنداق ئەھۋالدا مەھرەمسىز ھىجرەت قىلىش دۇرۇس..

بۇنداق ئەھۋالدا ئايال كىشى زۆرۈرىيەتلەر چەكلەنگەن ئىشلارغا رۇخسەت قىلىدۇ دېگەن شەرئەت قائىدىسىگە ئاساسەن مەھرەمسىز ھىجرەت قىلىدۇ، الله خالىسا ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ.

**قال ابن قدامة في المغني 242/9: وإذا طلبت امرأة أو صبية مسلمة**

www.uyghurkitap.com

الخروج من عند الكفار، جاز لكل مسلم إخراجها، لما روي أن النبي ﷺ لما خرج من مكة، وقفت ابنة حمزة على الطريق، فلما مر بها علي قالت: يا بن عم إلى من تدعني؟ فتناولها فدفعها إلى فاطمة حتى قدم بها المدينة ا- هـ.

ئىبنى قۇدامە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر مۇسۇلمان ئايال ياكى مۇسۇلمان قىز كاپىرلار دىيارىدىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلسا ھەربىر مۇسۇلمان ئەرگە ئۇنى چىقىرىپ قويۇش دۇرۇس.

چۈنكى نەقلى قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتا ھەمزىنىڭ قىزى يول ئۈستىدە توختىدى، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە ھەمزىنىڭ قىزى : مىنى كىمگە قالدۇرۇپ قويىسەن؟ دىدى . شۇنىڭ بىلەن ئەلى ئۇنى ئېلىپ پاتىمەنىڭ قېشىغا باردى ھەمدە ئۇنى مەدىنىگە ئاپىرىپ قويدى.

مەن دەيمەنكى: ئەگەر ئايال كىشىگە ھىجرەت قىلىش ۋاجىپ بولماي مۇستەھەب بولسا .. مەن بۇنداق ۋاقىتتا زۆرۈرىيەتلەر چەكلەنگەن ئىشلارغا رۇخسەت قىلىدۇ دىگەن شەرىئەت قائىدىسى يوقاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ مەھرەمسىز ھىجرەت قىلىشىنى توغرا دەپ قارىمايمەن. والله تعالى أعلم

9-مەسىلە:ھەقىقەتەن شەيخ ئەلبانىدىن (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني) دىن مۇسۇلمانلارنى پەلەستىندە ھىجرەت قىلىشقا قىزىقتۇرىدىغان پەتىۋا چىقتى .. سىلەرنىڭ بۇ پەتىۋاغا ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققان كىشىگە بولغان كۆز قارىشىڭلار قانداق؟

جاۋاب: الله تعالى غا چەكسىز ھەمدۇ سانالار بولسۇنكى..

نۇرغۇن ھالەتلەردە مۇسۇلمانلارغا جىھاد قىلىش مۇئەييەنلىشىدۇ.

ئۇنىڭ بىرى: دۈشمەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەيدانلىرىغا كىرگەن ۋە ئۇلارنىڭ زېمىن ۋە دىيارلىرىنى ئىگىلىۋالغان ۋاقىتتۇر.

**قال ابن قدامة في المغني 163/9: يتعين الجهاد في ثلاثة مواضع، منها: إذا نزل الكفار ببلد، تعين على أهله قتالهم ودفعهم ا- هـ.**

ئىبنى قۇدامە مۇنداق دەيدۇ: ئۈچ ئورۇندا جىھاد مۇئەييەنلىشىدۇ: ئۇنىڭ بىرى كاپىرلار شەھەرنى بېسىۋالغان ۋاقىتتا شەھەر ئەھلىگە كاپىرلارغا ئۇرۇش قىلىش ۋە ئۇلارنى چېكىندۇرۇش مۇئەييەنلىشىدۇ.

مەن دەيمەنكى: ئەگەر شەھەردىكى مۇسۇلمانلار ئۆزى يالغۇز ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا ۋە چېكىندۈرۈشكە قادىر بولالمىسا بۇ پەرز ئۇلارغا قوشنا بولغان مۇسۇلمانلارغا يۆتكىلىدۇ..

بۇ پەرز -ئۇلارنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىشتىن ۋە ئۇلارنى چېكىندۈرۈشتىن ئاجىز كېلىپ قالغاندا- مانا مۇشۇنداق كېڭىيىپ پۈتكۈل ئۈممەتنىڭ ئەۋلادلىرىغا كېڭىيىدۇ.

پەلەستىندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى زېمىننى ئىشغال قىلىۋالغان بۇلاڭچى يەھۇدىيلارغا جىھاد قىلىش ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشتۇر..

بۇ ئەسلى مەجبۇرىيەت .. ئەمما ھىجرەت قىلىشقا كەلسەك بۇ ۋاقىتلىق پەۋقۇلادە ھالەت بولۇپ يېڭىدىن جىھادنى باشلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ .

پەلەستىن زېمىنىنى ئۇنىڭ ئەسلى مۇسۇلمان ئەھلىدىن ئايرىش، ئىشغال قىلىش ۋە تاجاۋۇزچىلىقنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ... پەلەستىندىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ مۇشەققەت تارتىش ۋاقتىنى ئۇزارتىدۇ.

بۇ بىر يول ، يەنە بىر يول شۇكى پەلەستىندىكى

مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن پەلەستىننى قورشاپ تۇرغان ۋە يەھۇدىي دۆلىتىنى ھىمايە قىلىش ۋە يەھۇدىي ئەۋلادلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن غالجىر ئىتتىنىڭ رولىنى ئۆتەۋاتقان ئەرەب تۇق شەھەرلىرى (ئەرەب تۇق شەھەرلىرى مىسىر، لىۋان، ئىيوردانىيە ، سۇرىيە قاتارلىق شەھەرنى كۆرسىتىدۇ)گە ھىجرەت قىلىش يولىنى تاللىشى بەك مۇشەققەتلىك تاللاشتۇر.

بۇ تاللاشنىڭ قىيىنچىلىقى كۆپ بولۇپ الله يولىدا جىھاد قىلىش ۋە جىھادنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش يولىنى تاللىغاندىنمۇ كۆپ مۇشەققەت تارتىشقا ۋە قۇربانلىق بېرىشكە توغرا كېلىدۇ .

ھىجرەت قىلغۇچى پەلەستىنلىكلەرنىڭ تارىخىنى ۋە ئۇلار دۇچ كەلگەن قىرغىنچىلىقلارنى، تازىلاشلارنى، ھەقلەرگە تاجاۋۇز قىلىشلارنى، ئەرەب تۇق شەھەرلىرى (ئەرەب تۇق شەھەرلىرى مىسىر، لىۋان، ئىيوردانىيە ، سۇرىيە قاتارلىق شەھەرنى كۆرسىتىدۇ) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شەھەرلەردىكى خارلاشلارنى تەكشۈرۈپ باققان كىشى بىز سۆزلىگەن ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىدۇ.

ھېچقانداق ۋاقىتتا الله يولىدا جىھاد قىلىپ ۋە مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۈچرىغان زەربە كاپىرلارنىڭ خارلىشى ۋە زالىملارغا ۋە ئۇلارنىڭ رەھىم قىلىشىغا تايىنىش ئارقىلىق

ئۇچرىغان ئازار كۆلپەتلەردىن كۆپ بولغان ئەمەس.

ئۆزىنى قوغداش ۋە ھارامىلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن قورال ياراقنى ئېلىپ تاغ چوققىلىرىغا چىقىۋېلىشنىڭ مۇشەققەتلىرى ـ ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ ـ ئازاب ئوقۇبەت جەھەتتە چېگرادىكى گازارمىلارنى سېلىنچا قىلىپ كاپىر ئۇممەتلەر تەرىپىدىن تارقىتىلغان يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئوزۇق تۈلۈكلەرنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن خارلىق ئىچىدە ئۆزۈن مەزگىل تۇرۇشتىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ.

شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني) پەلەستىنىدىن ھىجرەت قىلىشقا پەتىۋا بەرگەندە خاتالىشىپ كەتتى .. ئۇ تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىن خاتالاشتى:

بىرىنچىسى: شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني) مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىگە، ھىجرەت قىلىش سەۋەبلىرىنىڭ بىر تەرىپىگە نەزەر سىلىكىپ ئومومى ۋەزىيەتكە نەزەر سالمىدى. ئۇ نەزەر سالغان تەرەپ شۇكى خەلق قاتتىق قىرغىن قىلىنىۋاتىدۇ، ئىزىلىۋاتىدۇ، ئۆزىگە خاتىرجەملىك تاپالمايۋاتىدۇ.. خەلق قانداق قىلىدۇ؟

شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني) خەلق ھىجرەت قىلىدۇ دېدى . ئۇ جىھاد قىلىش ۋە قارشى تۇرۇش ۋە ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش يولىنى تاللاشنى ئوتتۇرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قويمىدى. ۋەھالەنكى بۇ خىل تاللاش ئەۋزەل بولغان ئەسلى تاللاش ئىدى.

ئۇ مەسىلىنىڭ يىراق نىشانىغا ۋە ئۇنىڭ "ھىجرەت قىلىڭلار " دېگەن سۆزىگە ئەگىشىپ كېلىدىغان ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كېلىدىغان ئەڭ چوڭ زىيانلارغا ۋە ئەكسىچە يەھۇدىي ئەۋلادلىرىغا كېلىدىغان ئەڭ چوڭ مەنپەئەتلەرگە سەل قارىدى..!!

شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني) ھىجرەت قىلىڭلار دېگەن ۋاقىتتا.. ئۇ خۇددى شۇنداق بىر كىشىگە ئوخشاپ قالدىكى ئۇ ئۆيى ۋە مېلىنى ئوغرى بۇلايدىغان بىر كىشىگە سەن ئۆيۈڭنى تاشلاپ ھىجرەت قىل .. سەن ئۆيۈڭنى ۋە مال-مۈلۈكىڭنى تاجاۋۇزچى ئوغرىغا تاشلاپ بەرگىن دەپ پەتىۋا بەرگەن كىشىگە ئوخشاش پەتىۋا بەردى.

بۇ شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني)نىڭ يولىيورۇقىدۇر.. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىيورۇقى بولسا -يۇقىرىقىلارغا قوشۇپ- ئوغرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا.. ئوغرىغا مالنى بەرمەسلىككە قىزىقتۇرىدۇ.. چۈنكى ئوغرى ئۆلسە جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئوغرىغا قارشىلىق قىلغۇچى ئۆلسە شەھىد بولۇپ جەننەتكە كىرىدۇ.

**كما في الحديث عن أبي هريرة قال: جاء رجل إلى رسول الله ﷺ فقال: يا رسول الله أرأيت إن جاء رجل يريد أخذ مالي ؟ قال:" فلا تعطه مالك "، قال: أرأيت إن قاتلني ؟ قال:" قاتله "، قال: أرأيت إن قتلني ؟ قال:" فأنت شهيد "، قال: أرأيت إن قتلته ؟ قال:" هو في النار "** مسلم.

ھەدىستە ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقلى قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دېدى : بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى : ئى اﷲنىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر بىر كىشى كېلىپ مىنىڭ مېلىمنى ئىلىۋالماقچى بولسا قانداق قىلىشىم ھەققىدە خەۋەر بەرمەمسەن؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا " مېلىڭنى بەرمە!" دېدى .

ئۇ كىشى مۇنداق دېدى : ئەگەر ئۇ مەن بىلەن ئۇرۇش قىلسا قانداق قىلىدىغانلىقىم ھەققىدە خەۋەر بەرمەمسەن؟ دېدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا " ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغىن!" دېدى .

ئۇ كىشى مۇنداق دېدى : ئەگەر ئۇ مېنى ئۆلتۈرىۋەتسە قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرمەمسەن؟ دېدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا " ئۇ سىنى ئۆلتۈرىۋەتسە سەن شەھىد بولىسەن" دېدى .

ئۇ كىشى مۇنداق دېدى : ئەگەر مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرمەمسەن؟ دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا " ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ ئۇ جەھەننەمگە كىرىدۇ" دېدى . [مۇسلىم نەقلى قىلغان]

وفي رواية عند النسائي:" قاتل دون مالِك، حتى تكون من شهداء الآخرة أو تمنع مالك ".[3].

نەسائىنىڭ نەقلى قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « سەن مال مۈلۈكىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغىن! ھەتتاكى سەن ئاخىرەتنىڭ شەھىدلىرىدىن بولىسەن ياكى مېلىڭنى قوغداپ قالىسەن.»دېدى .

وقال ﷺ:" من قُتِل دون ماله فهو شهيد، ومن قُتل دون أهله فهو شهيد، ومن قُتل دون دينه فهو شهيد، ومن قُتل دون دمه فهو شهيد .. ومن قُتل دون مظلمته فهو شهيد "[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «كىمكى مېلىنى قوغداش

---

[3] صحيح سنن النسائي: 1021.

[1]صحيح سنن النسائي: 1046 و 1040.

ئۇچۇن ئۆلسە ئۇ شەھىد بولىدۇ.

كىمكى ئەھلى-بالىچاقىلىرىنى قوغداش ئۇچۇن ئۆلسە ئۇ شەھىد بولىدۇ.

كىمكى دىنىنى قوغداش ئۇچۇن ئۆلسە ئۇ شەھىد بولىدۇ.

كىمكى جېنىنى قوغداش ئۇچۇن ئۆلسە ئۇ شەھىد بولىدۇ.

كىمكى زۇلۇم قىلىنىش يولىدا ئۆلسە ئۇ شەھىد بولىدۇ.»دېدى .

مەن دەيمەنكى: ئەگەر تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان مال.. تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان ھوقۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىپ كېلىنگەن ۋە ئىككى قىبلىنىڭ تۇنجىسى بولغان مەسجىد ئەقسا ئورۇنلاشقان پەلەستىن بولسا قانداق بولىدۇ؟ تاجاۋۇزچى ئوغرى بولسا يەھۇدىيلار بولۇپ الله ـ تعالى ـ ئۇلار توغرىسىدا مۇنداق دېگەن :

**قال الله تعالى فيهم:﴿ لَتَجِدَنَّ أَشَدَّ النَّاسِ عَدَاوَةً لِلَّذِينَ آمَنُوا الْيَهُودَ ﴾ المائدة:82.**

﴿(ئى مۇھەممەد!) يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن﴾

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

شەك ـ شۈبھىسىزكى الله يولىدا بۇ ھوقۇقلار ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش بۇ ۋاقىتتا ۋاجىپ ، ئەڭ ئەۋلا بولىدۇ!

بۇ ھۆرمەتلەر ۋە ھوقۇقلار دەپسەندە قىلىنغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن يولىيورۇقتۇر. ئىززەت ـ ھۆرمەتلەرنىڭ تېخىمۇ ساقلىنىشى ۋە ھوقۇقلارنىڭ ئۆز ئىگىسىگە قايتىشى پەقەت ئۇرۇش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ..

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يولىيورۇقىدىن كېيىن باشقا يولىيورۇق يوق..

ئۇنىڭ ئەمرى ئىجرا قىلىنىدۇ.. بۇ يولىيورۇق ئۈممەت ئىچىدە ئىجرا قىلىنىشى ۋە ئەمەل قىلىنىشى كېرەك .

بۇ يولىيورۇققا قارشى كېلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ـ ئىگىسى كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر- ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ(رەت قىلىنىدۇ.)

ئىككىنچى : شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني)نىڭ ئىماندىكى ئىرجائىزىم ئەقىدىسى مۇشۇ خاتالىقىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بولۇپ ئۇنىڭدا يەنە نۇرغۇن خاتالىقلار بار..!!

شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني) دا كۆرۈلگەن ۋە ئۇنى تاغۇتلارنىڭ ھۆكۈمىگە ياخشى گۇمان

قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىغا قايىل بولۇش ئىدىيەسىگە ئېلىپ بارغان ئىرجائىزىم ئەقىدىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ پەلەستىن ئەھلىگە: ھىجرەت قىلىڭلار! دېدى ..!!

قەيەرگە..؟ شەيخنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمان ۋە مۇئمىن بولغان مۇشۇ تاغۇتلارغا ئىتائەت قىلىش، ئۇلارنى دوست تۇتۇش كېرەكمۇ؟!

شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني)دىن بىركىشى نەگە ھىجرەت قىلىمىز ئى شەيخ دەپ سورىغاندا (ــمەن لېنىتىدىن ئۇنىڭ ھىجرەت قىلىش توغرىسىدىكى سۆزىگە رەدىيە بەرگەن سۆزىنى ئۆزۈم ئاڭلىغان ــ) شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني) ئىيوردانىيە سىنى ئەجەپلەندۈرەلمىدىمۇ؟؟.. ئىئوردانىيە سىنى ئەجەپلەندۈرەلمىدىمۇ ؟؟!!.. (يەنى ئىئوردانىيە ھىجرەت قىلىشقا ئەرزىمەمدۇ؟) دەپ جاۋاپ بەرگەن.

مەن دەيمەنكى: شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني) ئىيوردانىيە تۈزۈمىنىڭ ـپەيدا بولغاندىن باشلاپ قىيامەتكىچە ـ ۋاپادار ۋە ئىشەنچلىك قوغدىغۇچى ئىتنىڭ رولىنى ئوينايدىغانلىقى ۋە يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلەلمىدى.

ئىيوردانىيە تۈزۈمىنى يەھۇدىيلار، ئامېرىكىلىقلار، ۋە

ئەنگلىيەلىكلەر تۇزۇپ چىققان.. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتىنى يەھۇدىيلارنىڭ رازى قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن قۇربان قىلىدۇ!!!

شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني) پەلەستىنلىكلەر ئىئوردانىيەدە تۆتىنچى ۋە بەشىنچى تەبىقىدىكى كىشىلەر دەرىجىسىدە مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى... كىشىلەر ئىيوردانىيە تۇرۇش جەريانىدا دۇچ كېلىدىغان تەكرار قىرغىنچىلىق ۋە دۈشمەنلىكلەر ۋە ئۇنىڭ خەۋەرلىرى كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرىدىن يىراق بولغان قاراڭغۇ قۇشخانىلاردىكى قىرغىنچىقلارنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭ سىرتىدا..!!!

شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني) مۇشۇ ئىشلارغا رىئايە قىلىشى ۋە شارائىتلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتىشى، بۇ تاغۇتلارنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىغا، زۇلۇم قىلغۇچى سىياسەتلىرىگە سۈكۈت قىلىشىغا، بۇ تاغۇتلارغا ياخشى گۇمان قىلىشىغا قارىماستىن، شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني) ئىيوردانىيە تۈزۈمىنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلالمىدى؛ چۈنكى شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني) بىر قانچە قېتىم ئىئوردانىيەدىن قوغلاپ چىقىرىشقا ھۆكۈم قىلىندى. ھەر قېتىم ئۇنى پادىشاھ

قەسىرى بىلەن يىپقىن مۇناسىۋەتتى بولغان شاگىرتى ئىبىراھىم شەقەر ئۇنىڭغا شاپائەت تىلەپ قوغداپ قالدى!

شۇنى خۇلاسىلەيمەنكى: شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني) ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى پەتىۋالىرىدا خاتالىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ خاتالىقى رەت قىلىنىدۇ. بۇ خاتالىققا ئەگىشىشكە بولمايدۇ.. لېكىن بىز ئۇنىڭ بۇنداق خاتالىقىنى ئەجىر بېرىلىدىغان خاتالىقلاردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.. والله تعالى أعلم.

ئەمما شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني)نى تىللاش ۋە ئۇنىڭ سەلەپلەرچە دەۋىتىگە قارىشى تۇرۇش ۋە ئۇنى خىيانەتچى، ياللانما ، چۈشەنگىلى بولمايدىغان كىشى ۋە باشقىلار... دېگەندەك تۆھمەتلەرنى قىلىش ئۇچۇن مۇشۇ خاتالىقلاردىن پايدىلانغان كىشىلەرگە كەلسەك بۇ بەك چوڭ زۇلۇمدۇر. بىز شەيخنى بۇنىڭدىن پاك دەپ بىلىمىز. شەيخ بۇنداق تۆھمەتلەردىن پاكتۇر.

شەيخ ئەلبانى (الشيخ محمد ناصر الدين الألباني)نى مۇشۇنداق سۆپەتلەر بىلەن سۆپەتلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئاشۇ سۆپەتلەرگە لايىقتۇر. ئۇزاققا قالماي ئۇلار ئاشۇ قىلمىشى توغرىسىدا سوراققا تارتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

10-مەسىلە:زالىملارنى تەرك ئېتىش مۇتلەق بولامدۇ.. ياكى بۇ مەسىلىنىڭ تەپسىلاتى ۋە پىرىنسىپلىرى بارمۇ؟

جاۋاب: الله تعالى غا چەكسىز ھەمدۇ سانالار بولسۇنكى

زالىملار تۈرلۈك بولىدۇ.. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئەھۋالىنى بېكىتىپ بېرىدىغان ھۆكۈم ۋە ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش ياكى ئۇلارنى تەرك ئېتىشنى بېكىتىپ بېرىدىغان ئۆلچەم بار.

بىرىنچى : كاپىرلار ۋە مۇرتەد كاپىرلار: كاپىرلار ۋە مۇرتەد كاپىرلار ھەقتىن يۈز ئۆرۈيدۇ، سەركەشلىك قىلىدۇ.. شۇڭا بۇنداق كاپىرلارنى تاشلىۋېتىش ۋە ئۇلاردىن يىراقلىشىش ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرماسلىق كېرەك . بولۇپمۇ ئۇلار اللهنىڭ ئايەتلىرى توغرىسىدا ناھەق سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشقا قەتئىي بولمايدۇ.

**قال تعالى::﴿ وَإِذَا رَأَيْتَ الَّذِينَ يَخُوضُونَ فِي آيَاتِنَا فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ حَتَّى يَخُوضُوا فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ وَإِمَّا يُنْسِيَنَّكَ الشَّيْطَانُ فَلا تَقْعُدْ بَعْدَ الذِّكْرَى مَعَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ ﴾الأنعام:68.**

۞ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە

قىلىپ) پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۈشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىقنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن [68].﴾

وقال تعالى:﴿ وَقَدْ نَزَّلَ عَلَيْكُمْ فِي الْكِتَابِ أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ آيَاتِ اللَّهِ يُكْفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ بِهَا فَلا تَقْعُدُوا مَعَهُمْ حَتَّى يَخُوضُوا فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ إِنَّكُمْ إِذاً مِثْلُهُمْ إِنَّ اللَّهَ جَامِعُ الْمُنَافِقِينَ وَالْكَافِرِينَ فِي جَهَنَّمَ جَمِيعاً ﴾النساء:**140**.

﴿ الله كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر الله نىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر، الله ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ [140]. ﴾

وقال تعالى عن نبيه إبراهيم عليه السلام:﴿ وَأَعْتَزِلُكُمْ وَمَا تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَأَدْعُو رَبِّي عَسَى أَلَّا أَكُونَ بِدُعَاءِ رَبِّي شَقِيّاً ﴾مريم:**48**.

﴿ سىلەردىن ۋە سىلەر الله نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق بولىمەن، پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىبادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن» [48]﴾

ئاسىلاردىن ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشتىن يىراق بولۇش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدۇر. ئاسىيلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشقا پەقەت ئۆزىنى ئەخمەق قىلغان كىشىلا قىزىقىدۇ.

**قال تعالى:﴿ وَمَنْ يَرْغَبُ عَنْ مِلَّةِ إِبْرَاهِيمَ إِلَّا مَنْ سَفِهَ نَفْسَهُ وَلَقَدِ اصْطَفَيْنَاهُ فِي الدُّنْيَا وَإِنَّهُ فِي الْآخِرَةِ لَمِنَ الصَّالِحِينَ ﴾البقرة:130.**

﴿ ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ [130].﴾

**وقال تعالى:﴿ فَلَمَّا اعْتَزَلَهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَهَبْنَا لَهُ إِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ**

وَكُلّاً جَعَلْنَا نَبِيّاً ﴾مريم:49.

﴿ ئۇ ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ الله نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىدىن يىراقلاشتى، ئۇنىڭغا بىز ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرسىنى پەيغەمبەر قىلدۇق [49]. ﴾

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زالىملاردىن ۋە ئۇلار ئىبادەت قىلىۋاتقان نەرسىلەردىن يىراقلاشقانلىقىنىڭ بەرىكىتى شۇ بولدىكى الله ئۇنىڭغا ئىسھاق ۋە يەقۇبنى ئاتا قىلدى.. بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زالىملاردىن يىراقلاشقانلىقىنىڭ مۇكاپاتى!

مەن دېدىمكى : مەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ الله رازىلىقى ئۈچۈن زالىم جىنايەتچىلەر ۋە ئۇلار ئىبادەت قىلىۋاتقان نەرسىلەردىن يىراقلاشقانلىقىغا ئوخشاش تۇغماسلىقىنىڭ داۋاسىنى كۆرمىدىم.

وقال تعالى عن أصحاب الكهف:﴿ وَإِذِ اعْتَزَلْتُمُوهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ إِلَّا اللَّهَ فَأْوُوا إِلَى الْكَهْفِ يَنْشُرْ لَكُمْ رَبُّكُمْ مِنْ رَحْمَتِهِ وَيُهَيِّئْ لَكُمْ مِنْ أَمْرِكُمْ مِرْفَقاً ﴾الكهف:16

﴿(ئى يىگىتلەر!) سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ الله تىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر، غارنى پاناھ جاي قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە كەڭ رەھمەت قىلىدۇ، الله سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ [16]. ﴾

ئۇلار قەۋمىدىن ۋە ئۇلارنىڭ لله تىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان نەرسىلىرىدىن ئايرىلغان ۋە غارنى پاناھ جاي قىلغان ۋاقىتتا رەببى ئۇلارغا رەھمىتىنى ۋە رازىلىقىنى ئاتا قىلدى.

مۇئمىنلەر بىلەن جىنايەتچى كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئاساسى شۇكى كاپىرلار ئىمان ئېيتقانغا قەدەر كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتۇش، ئۆچ كۆرۈش ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ.

**قال تعالى:﴿ قَدْ كَانَتْ لَكُمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِي إِبْرَاهِيمَ وَالَّذِينَ مَعَهُ إِذْ قَالُوا لِقَوْمِهِمْ إِنَّا بُرَآءُ مِنْكُمْ وَمِمَّا تَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةُ وَالْبَغْضَاءُ أَبَداً حَتَّى تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ وَحْدَهُ ﴾الممتحنة:4.**

﴿ ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىللە بولغان (مۆمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە:

«ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اللە نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا - جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر اللە قا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ» دېدى. [4]. ﴾

نۇھ ئەلەيھىسسالام بالىسى ھەقتىن يۈز ئۆرۈپ ھەق ئالدىدا چوڭچىلىق قىلغان ۋە ئۆزىنى تاغ غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزىدۇ دەپ ئويلىغاندىن كېيىن رەببىدىن بالىسىنى غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇشنى سورىغاندا ئۇنى اللە ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى :

﴿قَالَ يَا نُوحُ إِنَّهُ لَيْسَ مِنْ أَهْلِكَ إِنَّهُ عَمَلٌ غَيْرُ صَالِحٍ فَلا تَسْأَلْنِ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنِّي أَعِظُكَ أَنْ تَكُونَ مِنَ الْجَاهِلِينَ﴾هود:46

﴿ اللە ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئۇ(مەن نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلى ياماندۇر، سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسەڭنى مەندىن سورىمىغىن، مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن» [46]. ﴾

چۈنكى جاھىللار قان-قېرىنداشلىق ۋە ئەقىدە مۇناسىۋىتىنى ئەقىدە ۋە تەۋھىد مۇناسىۋىتىنىڭ ئالدىدا قويىدۇ.

ئەگەر كاپىرلارنىڭ ھەممىسى تەرك ئېتىش ۋە يىراقلىشىش مۇناسىۋىتىدە باراۋەر بولامدۇ؟ دېيىلسە مەن دەيمەنكى : كاپىرلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەسلى پىرىنسىپ ئۇلارنى تەرك ئېتىش ۋە ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش بولسىمۇ لېكىن كاپىرلاردىن ھەربىر گۇرۇھ ياكى ھەر بىر كاپىرنىڭ ئىسلامغا دۈشمەنلىك ۋە سەركەشلىك قىلىش دەرىجىسى بويىچە كاپىرلارغا  مۇئامىلە قىلىش پەرقلىق بولىدۇ..

شۇڭا ـ تەرك ئېتىش ۋە يىراقلىشىش تەرەپتىن ـ اللهنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنى خالايدىغان پاناھلىق تىلىگەن كاپىرغا ئىسلامدىن يۈز ئۆرىگەن، ئىسلامغا ئۇرۇش قىلغان ۋە دۈشمەنلىك قىلغان كاپىرغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىش لايىق ئەمەس..

قەلبىنى ئىسلامغا كۆندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان كاپىرغا ئىسلامغا ئۇرۇش قىلغان ۋە دۈشمەنلىك قىلغان كاپىرغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىش لايىق ئەمەس!

بۇنىڭغا ئاساسەن بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى كاپىرنىڭ كاپىرلىقى كۈچەيگەن ۋە ئۇنىڭ ھەققە قارشى تۇرۇش ۋە

ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشى كۈچەيگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش ۋە ئۇنى تەرك ئېتىش كېرەك . كاپىرنىڭ ھەققىدە مايىل بولۇشى ۋە قىزىقىشى كۈچەيگەن ۋاقىتتا ئۇنى تەرك ئېتىش ۋە يىراقلىشىش يەڭگىل بولىدۇ.. سىلەر ـرەھىم قىلىشىنىڭ يوللۇق سەۋەبلىرى ۋە دەلىللىرى بار..
والله تعالى أعلم.

تولۇقلىما ۋە ئەسكەرتىش:

ـيۇقىرىدا ئۆتكەندەك ـ كاپىرلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەسلى پىرىنسىپ ئۇلارنى تەرك ئېتىش ۋە ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش..

بۇ ئەسلى پىرىنسىپ ئومومى ھۆكۈمدۇر. ئۇنىڭ پەۋقۇلادە ھالەتلىرى بار بولۇپ ئۇنىڭدا دەرىجە بويىچە سىلەر ـرەھىم يوللۇق بولىدۇ. بىز ئۇنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز:

1.مۇسۇلمان بالىنىڭ كاپىر بولغان ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشى ۋە ئىككىسىگە سىلەر ـرەھىم قىلىشى.. لېكىن اللهغا شېرىك كەلتۈرىدىغان ياكى ئاسىيلىق قىلىدىغان ئىشلاردا ئاتا-ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.



www.uyghurkitap.com

**قال تعالى:﴿ وَإِنْ جَاهَدَاكَ عَلَى أَنْ تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفاً ﴾ لقمان:15.**

﴿ ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن [15].﴾

**وقال تعالى:﴿ وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حُسْناً وَإِنْ جَاهَدَاكَ لِتُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلا تُطِعْهُمَا إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ ﴾ العنكبوت:8.**

﴿ ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، سىلەر مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ بارىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنى خەۋەر قىلىمەن [8]﴾

مەن دەيمەنكى: ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە سىلەر -رەھىم قىلىش ۋە ئاتا-ئانىغا -ئەڭ گۈزەل شەكىلدە- نەسىھەت قىلىش بىلەن بىرگە ياخشىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئېھتىمال الله ئاتا-ئانىنى بالىسىنىڭ قولى بىلەن جەھەننەمدىن قۇتقۇزۇشى مۇمكىن .

**وفي الحديث، عن أسماء بنت أبي بكرٍ الصديق، قالت: قدِمت عليَّ أمي وهي مشركةٌ في عهد رسول الله ﷺ، فاستفتيتُ رسولَ الله ﷺ، قلت: قدمت عليَّ أمي وهي راغبةٌ، أفأصل أمي ؟ قال ﷺ:" نعم صِلي أمَّكِ " متفق عليه.**

ھەدىستە ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى سىددىقتىن نەقلى قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئانام مېنىڭ قېشىمغا كەلدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە مۇشرىك ئىدى.

مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەتىۋا سورىدىم، مەن ئۇنىڭغا: ئانام مېنىڭ قېشىمغا يېنىمدىكى مال-مۈلۈكنى تاما قىلىپ كەلدى. ئانامغا سىلەر -رەھىم قىلىمەنمۇ؟- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «شۇنداق، ئانىڭىزغا سىلەر رەھىم قىلىڭ»-دېدى .

ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ سۆزىدىكى « وهي

راغبةٌ» دېگىنى ئانام مىنىڭ قېشىمغا يېنىمدىكى مال-مۈلۈكنى تاما قىلىپ كەلدى، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە بېرىشىمنى ئارزۇ قىلىدۇ دېگەن بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسمانىڭ ئانىسىغا سىلەر رەھىم قىلىشىغا ۋە مېلىدىن بىرىشىگە بۇيرۇغان .

2.مۇشرىك مۇسۇلمانلاردىن ئامانلىق تىلىگەن ۋە اللهنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلارغا پاناھلىق تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا بۇ ھالەتتە بۇ مۇشرىكقا ئامانلىق تىلەشتىن بولغان مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالغۇدەك دەرىجىدە ئامانلىق بىرىش ۋە سىلەر -رەھىم قىلىش كېرەك .

**قال تعالى:﴿ وَإِنْ أَحَدٌ مِنَ الْمُشْرِكِينَ اسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّى يَسْمَعَ كَلامَ اللَّهِ ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لا يَعْلَمُونَ ﴾التوبة:6.**

﴿ ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ الله نىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى (جېنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تارقاتقۇچىسى

يەتكۈزۈپ قويغىن، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر [6].

3.مۇسۇلمان كاپىر ياكى مۇشرىك بىلەن قوشنا بولۇشقا توغرا كەلگەندە مۇسۇلمان قوشنىسىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى ۋە چىرايلىقچە سىلەر رەھىم قىلىشى كېرەك ؛ چۈنكى گەرچە ئۇ كاپىر بولسىمۇ خوشنىنىڭ ھەققى بار.

**في الحديث عن عبد الله بن عمرو: أنه ذبح شاةً، فقال: أهديتم لجاري اليهودي؟ فإني سمعت رسولَ الله ﷺ يقول:" ما زال جبريل يوصيني بالجار حتى ظننت أنه سيورِّثُه "[5].**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىردىن نەقلى قىلىنىشىچە ئۇ بىر قوي بوغۇزلىغان ۋە مۇنداق دېگەن : سىلەر مىنىڭ يەھۇدىي قوشنامغا گۆشتىن ھەدىيە قىلدىڭلارمۇ؟ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «جىبرىيل ئەلەيھىسسالام ماڭا دائىم قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشقا ۋەسىيەت قىلاتتى. ھەتتاكى مەن ئۇ قوشنىنى مىراسخور قىلىپ قويامدىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم»-دىدى .

---

[5] أخرجه الترمذي، وأبو داود، صحيح سنن أبي داود: **1034**.

يەنى مەن ئۇنى قوشنىنى مىيىتتىن مىراس ئالىدىغان مىراسخورلاردىن قىلىپ قويامدىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم!

4.ئەگەر ئۇ قەلبى ئىسلامغا كۆندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان كاپىر بولسا ۋە ئۇنىڭ ئىسلامغا قىزىققانلىقى ۋە مايىل بولغانلىقىغا دەلىللەر ئاشكارا بولسا بۇ ۋاقىتتا ئۇ كاپىرغا ھەق ئۇستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشى ئۈچۈن سىلەر -رەھىم قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىش ياخشى بولىدۇ:

**قال تعالى:﴿ إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ ﴾التوبة:60.**

﴿ زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا،﴾

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپلەپ ھەدىيە بەرگەن كىشىلەردىن بىرى شۇنداق دىگەنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ھەدىيەلەرنى بەردى، ھالبۇكى ئۇ ماڭا مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ يامىنى كۆرۈنەتتى.
ئۇ ماڭا ھەدىيەلەرنى كۆپلەپ بېرىۋەردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ

ماڭا مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنىغا ئاپىلاندى!!!

ئۇنىڭ سۆزىدىكى « ئۇ ماڭا مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ يامىنى كۆرۈنەتتى.» دېگىنى بۇ كىشىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كاپىر بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىيەلەرنى بەرگەندە ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئىمانغا مايىل بولىدىغانلىقىنى ۋە قەلبىنىڭ كېسەللىرى ۋە ئاپەتلىرىنى داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەندە ئۇنىڭغا ھەدىيە بېرىش ئارقىلىق سىلەر رەھىم قىلغان..!!

5ـاللهغا دەۋەت قىلغۇچى ئۇچۇن بولۇشقا تېگىشلىك ئارىلىشىش.. بۇ دەۋەتچى كاپىرلارنىڭ سورۇنى ۋە ئولتۇرۇشلىرىغا ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ئۇچۇن كىلىدۇ .. الله يولىدا ئۇلارنىڭ ئەرزىيەتلىرىگە سەبىر قىلىدۇ. بۇنىڭدا الله خالىسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، بەلكى بۇ اللهغا يىراقلاشتۇرىدىغان ئەڭ ياخشى ئەمەللەردىن بولىدۇ.

قال تعالى:﴿ وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلاً مِّمَّنْ دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحاً وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ ﴾فصلت:33.



www.uyghurkitap.com

﴿ الله قا (يەنى الله نىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەلﷲرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟ [33] ﴾

لېكىن بۇ ئۇلۇغ مۇھىم ۋەزىپىگە (يەنى كاپىرلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا) يۈزلەنگەن كىشىگە نۇرغۇنلىغان شەرتلەر قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

① بۇ كىشى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسالايدىغان ئالىم بولۇشى كېرەك .. چۈنكى بىر نەرسىنى بىلمەيدىغان كىشى ئۇنى يوقىتىپ قويغان كىشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ ئۆزىدە يوق نەرسىنى باشقىلارغا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇنى بىلىش كېرەككى بىلىمسىز كىشى مۇنكەرنى ئىنكار قىلالمايدۇ، پىتنە پاساتنى يوقىتالمايدۇ.

② ئۇلارنىڭ سورۇنىدا دەۋەتنى يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارغا پاكىت كەلتۈرۈش تەقەززا قىلغاندىن ئارتۇق ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ.

③ دەۋەتچى مۇنكەرنى كۆرگەندە ئۇنىڭ سۈكۈت قىلىشى

ئۇلارنىڭ باتىل ۋە مۇنكەر ئەمەلىنى تەستىقلىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئىنكار قىلىشى كېرەك .

④ ئەگەر دەۋەتچى مۇنكەرنى ئىنكار قىلىشتىن ئاجىز كەلسە ياكى ئۇلارنىڭ مۇنكەر ئەمەلىنى ئىنكار قىلسا ئۇلار بۇ مۇنكەر ئەمەلىنى توختاتمىسا ئۇلارنىڭ سورۇنىدىن دەس تۇرۇپ چىقىپ كېتىشى كېرەك . بۇنداق قىلىشى دەۋەتچى اللەنىڭ :

**قوله تعالى:﴿ إنكم إذاً مثلهم ﴾.**

﴿ سىلەر ئۇلار بىلەن ئوخشاش ﴾

دىگەن سۆزىگە چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر.

بىز مۇشۇ شەرتلەر بىلەن دەۋەتچىنىڭ كاپىرلارنىڭ سورۇنلىرىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كىرسە دۇرۇس دەپ قارايمىز لېكىن بۇ شەرتلەرگە ئەمەل قىلمىسا ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىغا كىرىشى دۇرۇس ئەمەس.

6. كاپىرنىڭ ياخشىلىقىغا يەنە بىر يوللۇق بولغان ياخشىلىق بىلەن ياخشىلىق قىلىش.. مانا مۇشۇنداق

سىلەر -رەھىم قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىشتا الله خالىسا ھېچ گۇناھ يوقتۇر.

قال:" لو كان المطعم بن عدي حياًﷺ فقد ثبت في الصحيح أن النبي
ثم كلمني في هؤلاء النتن . يعني أسرى بدر . لأطلقتهم له ". وذلك أن مطعماً
له، ﷺ لأيامٍ في مكة أيام الشدة .. فلم ينسها النبي ﷺكان قد أجار النبي
وأراد أن يكافئه بصنيع جميل آخر؛ وهو أن يُطلق له أسرى بدر الذين يزداد
تعدادهم عن السبعين رجل .. لكن مُطعماً قد مات على الشرك قبل ذلك!
وكان ابن عباس يقول: لو قال لي فرعون:بارك الله فيك، قلت: وفيك، وفرعون قد مات!![6].

سەھىھ ھەدىستە ئىسپاتلىنىشچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :«ئەگەر مۇتئىم ئىبنى ئەدىي ھايات بولۇپ، ماڭا بۇ بەدىر ئەسىرلىرىنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا سۆزلىگەن بولسا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بەدىر ئەسىرلىرىنى قويۇۋەتكەن بولاتتىم.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەبى مۇتئىم ئىبنى ئەدىي مەككىدىكى قىيىن كۈنلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھىمايە قىلغان ئىدى.. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ

[6] صحيح الأدب المفرد: **610**.

قالمىغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى باشقا بىر يول بىلەن مۇكاپاتلىماقچى بولغان ئىدى.

بەدىر ئەسىرلىرىنىڭ سانى 70 كىشىدىن ئاشاتتى.. لېكىن مۇتئىم ئىبنى ئەدىي ئۇندىن بۇرۇن مۇشرىك ھالەتتە ئۆلگەن ئىدى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر پىرئەۋن ماڭا اللە ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن دېگەن بولسا مەنمۇ ئۇنىڭغا ساڭىمۇ بەرىكەت ئاتا قىلسۇن دېگەن بولاتتىم. ھالبۇكى پىرئەۋن ئۆلگەن!!!

بۇنىڭ ھەممىسى ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش، بىر ياخشىلىققا يەنە بىر ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش جۈملىسىدىندۇر.

خۇلاسە: مانا مۇشۇنداق كاپىرلارغا قىلىنىدىغان يوللۇق سىلەر ـ رەھىم ۋە ياخشىلىق قىلىشتا اللە خالىسا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ..

بۇنداق سىلەر ـ رەھىم قىلىشنى تەرك ئېتىش ياكى ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ياخشى تەسىرلىرىنى تەرك ئېتىش لايىق ئەمەس.. ھالبۇكى بىز توغرا بولغان ئىسلامى ھاياتنى باشلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش

قىيىنچىلىقلىرى ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز.

شۇنىڭدەك كاپىرلارغا سىلەر -رەھىم ۋە ياخشىلىق قىلىش ئىسلام ئىلىپ كەلگەن الله ئۇچۇن ياخشى كۆرۈش ۋە الله ئۇچۇن يامان كۆرۈش ئەقىدىسىگە ۋە بۇ مەسىلىنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كاپىرلاردىن يىراق تۇرۇش ۋە مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش پىرىنسىپىغا قارشى كېلىدۇ دەپ چۈشۈنۈپ قىلىش لايىق بولمايدۇ.

ئىككىنچى : زالىم پاسىق ھاكىملار:

بۇلارنىڭ زۇلۇم قىلىشى گەرچە ئۇلارنى ئىسلامدىن چىقىرىپ كاپىر دەرىجىسىگە ئىلىپ بارمىسىمۇ لېكىن زالىم ھاكىملارنى سۆكۈش ۋە ئۇلارنىڭ سالىھ كىشىلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زۇلۇمىنى، باتىل ئىشلىرىنى، مۇنكەر ئەمەللىرىنى كۈچەيتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى تەرك ئېتىش ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلماسلىق توغرىسىدا ھەدىس كەلگەن.

**فقد صحّ عن النبي ﷺ أنه قال:" ليأتينَّ عليكم أمراء يقربون شرار الناس، ويؤخرون الصلاة عن مواقيتها، فمن أدرك ذلك منهم فلا يكوننَّ عريفاً ولا**

شرطياً، ولا جابياً ولا خازناً "[7].

سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :«سىلەرگە شۇنداق ئەمىر-ھاكىملار كېلىدۇكى ئۇلار ئەڭ قەبىھ كىشىلەرنى يېنىغا تارتىدۇ، نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرىدۇ، كىمىكى ئۇلاردىن ئاشۇ ئەھۋاللارنى بىلسە قوماندان بولمىسۇن، شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلىغۇچى بولمىسۇن، زاكات يىغقۇچى بولمىسۇن، خەزىنە باشقۇرغۇچى بولمىسۇن.»

وقال ﷺ:" يليكم عمال من بعدي يقولون ما يعلمون، ويعملون بما يعرفون، وطاعة أولئك طاعة، فتلبثون كذلك دهراً، ثم يليكم عمال من بعدي يقولون ما لا يعلمون، ويعملون ما لا يعرفون، فمن ناصحهم ووازرهم وشد على أعضادهم، فأولئك قد هلكوا وأهلكوا، خالطوهم بأجسادكم وزايلوهم بأعمالكم "[8].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : «سىلەرگە مەندىن كېيىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ۋالىي بولىدۇ، ئۇلار بىلىپ سۆزلەيدۇ، بىلىپ ئەمەل قىلىدۇ. بۇلارغا ئىتائەت

[7] أخرجه ابن حبان، السلسلة الصحيحة: 156.

[8] أخرجه الطبراني، السلسلة الصحيحة: 156.

قىلىش كېرەك . بۇلار بىز زامان تۇرۇپ قالىدۇ.

ئاندىن سىلەرگە مەندىن كېيىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ۋالىي بولىدۇ، ئۇلار بىلمەي تۇرۇپ سۆزلەيدۇ، بىلمەي تۇرۇپ ئەمەل قىلىدۇ.

كىمكى ئۇلارغا سادىق بولسا ۋە ئۇلارغا ياردەملەشسە ۋە ھەمكارلاشسا ئۇلار ھالاك بولىدۇ. سىلەر ئۇلار بىلەن جەسەدىڭلار ئارقىلىق ئارىلىشىڭلار، ئەمىلىڭلاردا ئۇلاردىن ئايرىلىڭلار.»

ھەقىقەتەن بۇنداق زالىم ھاكىملار بىلەن ئارىلاشقان كىشىلەر ھالاك بولىدۇ..

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى بۇنداق كىشىلەر زالىملار بىلەن ھەمكارلىشىش، ئارىلىشىش ئارقىلىق زالىم سۇلتاننىڭ باتىل ئەمەللىرىنى ۋە زۇلۇمىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مۇنكەر ئەمەللىرىگە ياردەم بىرىدۇ..

شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەرنى ئازدۇرىدۇ.. بۇ زالىم سۇلتانلارنىڭ باتىل ئەمەللىرىنى كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىدۇ.. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر: ئەگەر بۇ ھاكىم ياكى سۇلتان ھەق ياكى توغرا يولدا بولمىغان بولسا بۇلار سۇلتانلار بىلەن ئارىلاشمايتتى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلمايتتى ۋە ھەمكارلاشمايتتى.. دەيدۇ. بولۇپمۇ بۇ كىشىلەر

ئىلىملىك، ئابرۇيلۇق ، كىشىلەر ئىچىدە ئورنى بار كىشىلەر بولغاندا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ..!!

وقال ﷺ:" سيكون أمراءٌ تعرفون وتنكرون، فمن نابذهم نجا، ومن اعتزلهم سَلِم، ومن خالطَهم هلك "[9].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «يېقىندا سىلەر ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئىنكار قىلىدىغان بىر بۆلۈك ئەمىرلەر بولىدۇ. كىمكى ئۇلارنى تەرك ئەتسە نىجات تاپىدۇ. كىمكى ئۇلاردىن يىراقلاشسا سالامەت قالىدۇ. كىمكى ئۇلار بىلەن ئارىلاشسا ھالاك بولىدۇ.»

وقال ﷺ:" اسمعوا هل سمعتم أنه سيكون بعدي أمراء فمن دخل عليهم فصدّقهم بكذبهم، وأعانهم على ظلمهم فليس مني ولست منه، وليس بواردٍ علي الحوض، ومن لم يدخل عليهم ولم يُعنهم على ظلمهم، ولم يصدقهم بكذبهم فهو مني وأنا منه، وهو واردٌ علي الحوض "[10].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قۇلاق سېلىڭلار! سىلەر مەندىن كېيىن بىر بۆلۈك ئەمىرلەرنىڭ

---

[9] أخرجه الطبراني، صحيح الجامع: 1774.

[10] صحيح سنن الترمذي: 4011.

كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

كىمكى ئۇلار بىلەن ئارىلاشسا ئاندىن ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقىنى تەستىقلىسا ۋە ئۇلارنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا ياردەملەشسە ئۇ مەندىن ئەمەس، مەن ئۇنىڭدىن ئەمەس. ئۇ ھەۋزى كۆلىگە كېلەلمەيدۇ.

كىمكى ئۇلار بىلەن ئارىلاشمىسا ئاندىن ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقىنى تەستىقلىمىسا ۋە ئۇلارنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا يەردەملەشمىسە ئۇ مەندىن ، مەن ئۇنىڭدىن. ئۇ ھەۋزى كۆلىگە كېلىدۇ .»

**وقال ﷺ:" من أتى أبواب السلطان افتتن، وما ازداد أحد من السلطان قرباً إلا ازداد من الله بعداً "[11].**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى سۇلتانلارنىڭ ئىشىكىگە يېقىن كەلسە ئۇ ئازىدۇ. بىرسى سۇلتانغا يېقىنلاشسا، اللهدىن يىراقلىشىدۇ»

**وقال ﷺ:" من أعان ظالماً بباطلٍ ليدحض بباطله حقاً برئ من ذمة الله ﷻ وذمة رسوله "[12].**

---

11 أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة:**4060**.

12 السلسلة الصحيحة: **4202**.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى زالىمنىڭ باتىل ئەمىلىگە ياردەم بەرسە، باتىل بىلەن ھەققە قارشى تۇرغان بولىدۇ ھەمدە الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنى يامان كۆرگەن بولىدۇ.»

يۇقىرىقى ھەدىسلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر زالىم سۇلتاندىن يىراق تۇرۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلماسلىققا قىزىقتۇرىدۇ!

مەن دەيمەنكى: ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ زالىم سۇلتانلارغا تۇتقان مەيدانى مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، كاپىر مۇرتەد سۇلتانلارغا زادى قانداق مەيداندا بولۇش كېرەك ؟ شەكسىز بۇ ۋاقىتتا كاپىر مۇرتەد سۇلتانلاردىن يىراقلىشىش كېرەك !

تولۇقلىما ۋە ئەسكەرتىش:

بۇ ئىككى نۇقتىدىن بولىدۇ:

1-يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار مۇسۇلمانغا -بولۇپمۇ ئىلىم ئەھلى بولغانلارغا -ۋاجىپ بولغان زالىم سۇلتانلارنىڭ ئالدىدا

ھەقنى ئاشكارىلاشقا ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشقا قارىشى كەلمەيدۇ

كما في الحديث:" سيد الشهداء حمزة بن عبد المطلب، ورجل قام إلى إمام جائرٍ فأمره ونهاه فقتله "[13].

ھەدىستە كەلدىكى « ھەمزە (حمزة بن عبد المطلب) ۋە زالىم ئىمامنىڭ ئالدىدا دەس تۇرۇپ ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقان ئاندىن زالىم ئىمام ئۇنى ئۆلتۇرگەن كىشى شەھىدلەرنىڭ سەردارىدۇر.»

وعن عبادة بن الصامت، قال:" بايعنا رسول الله على أن نقول بالحق أينما كنا لا نخاف في الله لومةَ لائمٍ " متفق عليه.

ئۇبادە (عبادة بن الصامت،) دىن نەقلى قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دىگەن :« بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەقنى سۆزلەشكە، نەدە بولساق الله يولىدا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىققا بەيئەت قىلدۇق.»

لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى زالىملارنىڭ

13 أخرجه الحاكم، السلسلة الصحيحة:134.

ئالدىغا كىرىپ ھەقنى جاكارلاشنى زالىملار بىلەن ئارىلىشىش ۋە ئۇلارغا تايىنىش، زالىملارغا ۋە ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىغا مايىل بولۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالسا بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن اللە رەھىم قىلغان كىشىدىن باشقىسى سالامەت قالمايدۇ؛ نۇرغۇن ئالىملار زالىم سۇلتانلارنىڭ ئالدىغا ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ئۈچۈن كىردى لېكىن ئالىملار ئۆزگەردى، ـسۇلتانلاردىن قورقۇپ ياكى ئۇلارغا قىزىقىپ ـ ئۇلارنى يامانلىققا بۇيرۇپ ياخشىلىقتىن توستى.. ھەمدە بۇ ئالىملار سۇلتانلارنى ئۇلاردا يوق سۈپەتلەر بىلەن ماختىدى ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلىدى..

بۇ ئالىملار بۇ ئەمىلى بىلەن يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىگە ئوخشاپ قالدى!!

2ـمۇسۇلمانغا يۇقىرىقىدەك زالىم سۇلتاندىن يىراق تۇرۇش ۋاجىپ بولغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلارغا ياخشى ئىشلاردا ئىتائەت قىلىش ۋە زالىم سۇلتانلار ئۇلاردىن ئۆزلىرى بىلەن كاپىر ئاسىي دۈشمەنلەرگە جىھاد قىلغىلى چىقىشنى تەلەپ قىلسا ئۇلار بىلەن بىرگە چىقىش ۋاجىبتۇر؛ چۈنكى ئەھلى سۈننە ۋە جامائە ئەقىدىسى ھەرقانداق ياخشى ۋە پاسىق كىشى بىلەن جىھادنى داۋام



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلىش دۇرۇس.. ئۇنى ھەرقانداق ئەھۋالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇش دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ياخشى ۋە پاسىق كىشى بىلەن جىھادنى داۋام قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندا چوڭ بۇزۇقچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ..

(ئەسكەرتىش: بۈيەردە تىلغا ئېلىنغان زالىم سۇلتانلار ئۆزى مۇسۇلمان تۇرۇپ باشقىلارغا زۇلۇم قىلىدىغان، ئىسلامدىكى سۇلتانلارنى كۆرسىتىدۇ، ھەرگىزمۇ تاغۇت كاپىرلارنى كۆرسەتمەيدۇ )

ئۈچىنچى: دىندىن چىقىرىپ كاپىر دەرىجىسىگە چىقىرىۋەتمەيدىغان گۇناھ مەسىيەت ئۆتكۈزگەن زالىملار:

بۇلارنى تەرك ئېتىش ھېكمەت ۋە تەقۋالىققا موھتاج بولىدۇ..

بۇلارنى تەرك ئېتىش ئۇلارنىڭ گۇناھ مەسىيەتلىرىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ.

ئەڭ ياخشى قاراش شۇكى بۇ خىلدىكى تەرك ئېتىشنىڭ بۇ زالىملارغا ۋە ئۇلاردىن تەسىر قوبۇل قىلغان ئۇندىن باشقا زالىملارغا پايدىسى بار.

بۇ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبۇك ئۇرۇشىغا

چىقمىغان ساھابىلەرنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇغىنىغا ئوخشايدۇ. ھەقىقەتەن بۇ جازا ئارقىلىق ئۇلار نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى.

ئەمما بۇنداق تاشلىۋېتىشنىڭ پايدىلىق بولماي ئەكسىچە زىيانلىق ئىكەنلىكى ھەمدە بۇنداق تاشلىۋەتكەندە گۇناھكار تېخىمۇ ئېغىر گۇناھنى سادىر قىلىپ بۇزۇقچىلىقنى كۆپەيتىدىغانلىقى ئېنىقلانسا بۇ ۋاقىتتا بۇزۇقچىلىق يۈزبەرگەنلىكى ۋە ئىسلام ئەقىدىسى سىلەر -رەھىم قىلىشقا ۋە ياردەم قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن زالىملارنى تاشلىۋېتىش ھارام بولىدۇ.

فقد صح عن النبي ﷺ أنه قال:" لا يحل لمسلمٍ أن يهجر أخاه فوق ثلاثِ ليالٍ " متفق عليه.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقلى قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دېگەن : «مۇسۇلمانغا قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى ھالال بولمايدۇ.»

وقال ﷺ:" لا يكون لمسلمٍ أن يهجر مسلماً فوق ثلاثةٍ، فإذا لقيه سلّم عليه ثلاثَ مرارٍ كل ذلك لا يردُّ عليه، فقد باء بإثمه ".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : « مۇسۇلمانغا مۇسۇلماننى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى ھالال بولمايدۇ. ئەگەر بىر مۇسۇلمان بىر مۇسۇلمانغا ئۇچراشسا ئاندىن ئۈچ قېتىم سالام قىلسا ئۇ بۇنىڭ ھەممىسىگە سالام قايتۇرمىسا گۇناھكار ھالەتتە قايتىپ كېتىدۇ .»

اللهنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن 10-مەسىلىگە مۇشۇ يەرگىچە جاۋاب بەردۇق، ئەمدى كېيىنكى مەسىلىلەرگە ئۆتىمىز.

www.uyghurkitap.com

11-مەسىلە: شەرىئەت مۆئەييەن بىر زېمىننى ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلىش ۋە ئۇ يەردە تۇرۇش ياخشى بولىدۇ دەپ كۆرسىتىپ بېرەمدۇ؟

جاۋاب: الله تعالى غا چەكسىز ھەمدۇ سانالار بولسۇنكى بەزىبىر ئورۇنلار، شەھەرلەر ۋە ئۇيەردە تۇرۇشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىش توغرىسىدا بىر قىسىم ھەدىسلەر كەلدى.

ئۇنىڭ بىرى مەدىنە مۇنەۋۋەر ۋە شام (شام :يەنى سۇرىيە ،پەلەستىن،لىۋان، ئىيوردانىيە قاتارلىق تەبۇكقىچە بولغان جايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دىن ئىبارەت.

بىرىنچى : مەدىنە مۇنەۋۋەر ۋە ئۇ يەردە تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا سۆزلەنگەن ھەدىسلەر:

**فقد صح عن النبي ﷺ طائفة من الأحاديث في فضل السُّكنى في المدينة، منها قوله ﷺ:" المدينة خير لهم لو كانوا يعلمون، لا يدعها أحدٌ رغبة عنها؛ إلا أبدل الله فيها من هو خير منه، ولا يثبت أحدٌ على لأواها وجَهدها إلا كنت له شفيعاً أو شهيداً يوم القيامة " مسلم.**

سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەدىنە

مۇنەۋۋەر ۋە ئۇ يەردە تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا سۆزلەنگەن بىر بۆلۈك ھەدىسلەر نەقلى قىلىنغان.

ئۇ ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ئەگەر كىشىلەر بىلگەن بولسا مەدىنە ئۇلارغا ئەڭ ياخشى ئىدى.

بىرەر كىشى مەدىنىدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنى تەرك ئەتمەيدۇ؛ لېكىن تەرك ئېتىپ قالسا الله ئۇ يەرگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق كىشىنى ئالماشتۇرىدۇ.

بىرەر كىشى مەدىنىدە ئۇنىڭ قىيىنچىلىق ۋە قاتتىقچىلىقلىرىغا سەبىر قىلىپ تەۋرەنمەي تۇرۇپ قالسىلا مەن ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىمەن ياكى گۇۋاھچى بولىمەن»

وقال ﷺ:" ليأتينَّ على المدينة زمان ينطلق الناس منها إلى الأرياف، يلتمسون الرخاء، فيجدون رخاءً، ثم يأتون فيتحمّلون بأهليهم إلى الرخاء، والمدينة خير لهم لو كانوا يعلمون "[[14]].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « مەدىنىگە شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى كىشىلەر مەدىنىدىن يېزىلارغا باياشات تۇرمۇش ئىزدەپ ماڭىدۇ.

[14] أخرجه أحمد وغيره، صحيح الترغيب:4403.

ئاندىن ئۇلار باياشات تۇرمۇشنى تاپىدۇ، ئۇلار كېلىپ ئەھلى بالىلىرىنىمۇ باياشات تۇرمۇشقا ئېلىپ كېتىدۇ، ئەگەر كىشىلەر بىلگەن بولسا مەدىنە ئۇلارغا ئەڭ ياخشى ئىدى.

**وقال ﷺ:" تُفتح اليمن فيأتي قوم يَبُسّون، فيتحملون بأهليهم ومن أطاعهم، والمدينة خير لهم لو كانوا يعلمون، وتُفتح الشام، فيأتي قوم يبسون فيتحملون بأهليهم ومن أطاعهم، والمدينة خير لهم لو كانوا يعلمون، وتُفتح العراق، فيأتي قوم يبسون فيتحملون بأهليهم ومن أطاعهم، والمدينة خير لهم لو كانوا يعلمون " متفق عليه.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : « يەمەن پەتھى قىلىنىدۇ، ناھايىتى تىز ماڭغان بىر قەۋم كېلىپ ئەھلى باللىرىنى ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ بىللە سەپەر قىلغان كىشىلەرنى يەمەنگە ئېلىپ ماڭىدۇ.

ئەگەر كىشىلەر بىلگەن بولسا مەدىنە ئۇلارغا ئەڭ ياخشى ئىدى.

شام پەتھى قىلىنىدۇ، ناھايىتى تىز ماڭغان بىر قەۋم كېلىپ ئەھلى باللىرىنى ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ بىللە سەپەر قىلغان كىشىلەرنى شامغا ئېلىپ ماڭىدۇ.

ئەگەر كىشىلەر بىلگەن بولسا مەدىنە ئۇلارغا ئەڭ ياخشى

ئىدى.

ئىراق پەتھى قىلىنىدۇ، ناھايىتى تېز ماڭغان بىر قەۋم كېلىپ ئەھلى باللىرىنى ۋە ئۇلارغا ئەتائەت قىلىپ بىللە سەپەر قىلغان كىشىلەرنى ئىراققا ئېلىپ ماڭىدۇ.

ئەگەر كىشىلەر بىلگەن بولسا مەدىنە ئۇلارغا ئەڭ ياخشى ئىدى.»

**وقال ﷺ:" إنه سيأتي على الناس زمانٌ تُفتح فيه فتحات الأرض، فيخرج إليها رجالٌ يصيبون رخاءً وعيشاً وطعاماً، فيمرون على إخوانٍ لهم حجّاجاً أو عُماراً فيقولون: ما يُقيمكم في لأواء العيش وشدة الجوع ؟! فذاهب وقاعد . حتى قالها مراراً . والمدينة خير لهم، لا يثبتُ بها أحدٌ، فيصبر على لأوائها وشدتها حتى يموت؛ إلا كنت له يوم القيامة شهيداً أو شفيعاً "[15]**.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇ ، بۇ زاماندا نۇرغۇن زېمىنلار پەتھى قىلىنىدۇ، كىشىلەر پەتھى قىلىنغان زېمىنلارغا چىقىپ كېتىدۇ ، ئۇيەردە پاراۋان تۇرمۇش، مول نېئمەتكە ئېرىشىدۇ. ئاندىن ئۇلار ھەج قىلىش ياكى ئۆمرە ھەج ئۈچۈن قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ. ئۇلارغا دەيدۇكى نېمىشقا سىلەر قىيىن تۇرمۇشتا، ئاچارچىلىقتا ياشايسىلەر؟

[15] أخرجه الطبراني وغيره، صحيح الترغيب:**4430**.

ئۇ كىتىپ ئولتۇرىدۇ. ـھەتتاكى بۇ سۆزنى بىر قانچە قېتىم دەيدۇ. ـ مەدىنە ئۇلارغا ئەڭ ياخشى ئىدى. بىرەر كىشى مەدىنىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۇنىڭ قىيىنچىلىق ۋە قاتتىقچىلىقلىرىغا ۋاپات بولغانغا قەدەر سەبىر قىلسىلا مەن قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا گۇۋاھچى بولىمەن ياكى شاپائەت قىلىمەن»

وقال ﷺ:" من استطاع منكم أن يموت بالمدينة فليمت بها، فإني أشفع لمن يموت بها"[16].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «سىلەردىن كىمكى مەدىنىدە ۋاپات بولۇشقا قادىر بولسا، ئۇ مەدىنىدە ۋاپات بولسۇن. مەن مەدىنىدە ۋاپات بولغان كىشىگە شاپائەت قىلىمەن.»

وفي رواية:" من استطاع منكم أن يموت بالمدينة فليمت، فإنه من مات بها؛ كنت له شهيداً أو شفيعاً يوم القيامة ".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەن : « سىلەردىن كىمكى مەدىنىدە ۋاپات بولۇشقا قادىر

16 أخرجه الترمذي وغيره، صحيح الترغيب: 4431.

بولسا، ئۇ مەدىنىدە ۋاپات بولسۇن.

كىمكى مەدىنىدە ۋاپات بولسا، مەن قىيامەت كۈنى مەدىنىدە ۋاپات بولغان كىشىگە گۇۋاھچى بولىمەن ياكى شاپائەت قىلىمەن.»

ئىككىنچى : شامدا (يەنى سۇرىيە ،پەلەستىن،لىۋان، ئىيوردانىيە قاتارلىق تەبۇكقىچە بولغان جايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ھىجرەت قىلىش توغرىسىدىكى ھەدىسلەر:

شامدا تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ھىجرەت قىلىش توغرىسىدا بىر بۆلۈك سەھىھ ھەدىسلەر نەقلى قىلىنغان.
بۇ ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**قوله ﷺ:" يا طوبى للشام، يا طوبى للشام، ياطوبى للشام " قالوا: يا رسول الله وبم ذلك؟ قال:" تلك ملائكة الله باسطوا أجنحتها على الشام "[17].**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «شامغا خوش مۇبارەك بولسۇن! شامغا خوش مۇبارەك بولسۇن!
شامغا خوش مۇبارەك بولسۇن! ساھابىلار: ئى اللەنىڭ

17 المراد بالشام؛ الشام الكبرى وهي: فلسطين، وسوريا، ولبنان، والأردن إلى تبوك.

پەيغەمبىرى بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟-دېدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى اللهنىڭ پەرىشتىلىرى شامغا قاناتلىرىنى يايىدۇ»-دېدى .

عن عبد الله بن حوالة قال: قال رسول الله ﷺ:" ستجندون أجناداً، جنداً بالشام، وجنداً بالعراق، وجنداً باليمن " قال عبد الله: فقمت فقلت خِرْ لي يا رسول الله! فقال:" عليكم بالشام، فمن أبي فليلحق بيمنه، وليستقِ من غُدُره، فإن الله ﷻ قد تكفل لي بالشام وأهله ". قال ربيعة: سمعت أبا إدريس يحدث بهذا الحديث، يقول: ومن تكفل الله به فلا ضيعة عليه.

ئابدۇللاھ (عبد الله بن حوالة) دىن نەقلى قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « يېقىندا سىلەر نۇرغۇن قوشۇننى ئۇچرىتىسىلەر يەنى شامنىڭ قوشۇنىنى، ئىراقنىڭ قوشۇنىنى، يەمەننىڭ قوشۇنىنى ئۇچرىتىسىلەر دېدى »

ئابدۇللاھ (عبد الله بن حوالة) ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى سەن ماڭا تاللاپ بەرگىن!دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : « سىلەر شامدا تۇرۇڭلار! كىمكى ئۇيەردە تۇرمىسا يەمەندە تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ كۆلىدىن سۇ ئىچسۇن، الله ماڭا شام ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى پىتنىدىن ساقلاشقا كېپىللىك قىلدى» دېدى .

رەبىيئە دىدىكى: مەن ئەبۇ ئىدرىستىن بۇ ھەدىسنى سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: قانداق كىشىگە الله كىپىللىك قىلسا ئۇ زايا بولۇپ كەتمەيدۇ.

**وقال ﷺ:" إني رأيت عمود الكتاب انتزع من تحت وسادتي فنظرت فإذا هو نور ساطع عُمد به إلى الشام، ألا إن الإيمان إذا وقعت الفتن بالشام ".**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىدى : « مەن قۇرئاننى ياستۇقۇمنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇپ ئىلىنغانلىقىنى چۈشۈمدە كۆردۈم، مەن كۆردۈم گويا ئۇ ئۆتكۈر بىر نۇر بولۇپ شامنى نىشان قىلغان ئىدى. بىلىڭلاركى -پىتنە يۈزبەرگەندە- ئىمان شامدا بولىدۇ.»

**وقال ﷺ:" إذا فسد أهل الشام فلا خير فيكم، لا تزال طائفة من أمتي منصورين لا يضرهم من خذلهم حتى تقوم الساعة " وفي رواية:" وهم بالشام ".**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : « شام ئەھلى بۇزۇلسا ئاراڭلاردا ياخشىلىق قالمايدۇ، ئۈممىتىمدىن غەلىبە قىلغان بىر بۆلۈك كىشىلەرگە قىيامەتكىچە ئۇلارنى ياردەمچىسىز قويغان كىشىلەر زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ"

ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « غەلىبە قىلىغان بۇ كىشىلەر شامدا » دىگەن .

وعن عبد الله بن حوالة أنه قال: يا رسول الله اكتب لي بلداً أكون فيه، فلو أعلم أنك تبقى لم أختر على قربك. قال:" عليك بالشام، عليك بالشام، عليك بالشام ". فلما رأى النبي ﷺ كراهيته للشام قال: هل تدرون ما يقول الله ﷻ؟ يقول: أنت صفوتي من بلادي أُدخل فيكِ خيرتي من عبادي .. ورأيت ليلة أسري بي عموداً أبيض كأنه لؤلؤ تحمله الملائكة. قلت: ما تحملون؟ قالوا: نحمل عمود الإسلام، أُمرنا أن نضعه بالشام ".

ئابدۇللاھ (عبد الله بن حوالة) دىن نەقلى قىلىنىشىچە ئۇ: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! سەن ماڭا مەن تۇرىدىغان شەھەرنى بېكىتىپ بەرگىن، ئەگەر مەن سىنىڭ مەڭگۈ باقى قالىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام سىنىڭ يېنىڭدىن ئايرىلمايتتىم-دىدى .
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « شامدا تۇرغىن! شامدا تۇرغىن! شامدا تۇرغىن! » دىدى .
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھنىڭ شامدا تۇرۇشنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەن ۋاقتتا :« سىلەر الله -ﷻ- نىڭ شام توغرىسىدا نىمە دەيدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ الله :

شەھىرىمنى پاكلىغىن، مەن ساڭا ئەڭ ياخشى بەندىلىرىمنى كىرگۈزىمەن.. دەيدۇ.

مەن ئىسرا كېچىسى ئاپئاق بىر تۈۋرۈكنى كۆردۈم خۇددى ئۇ سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرگە ئوخشايتتى. پەرىشتىلەر ئۇنى كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. مەن: سىلەر كۆتۈرۈۋالغان نېمە ؟ دېدىم. پەرىشتىلەر بىز ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكىنى كۆتۈرىۋاتىمىز، بۇنى شامدا قويۇشقا بۇيرۇلدۇق دېدى .»

**وقال ﷺ:" عليك بالشام فإنها خيرة الله من أرضه، يجتبي إليها خيرته من عباده ".**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « شامدا تۇرغىن! چۈنكى شام اللهنىڭ زېمىنلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، الله شامغا ئەڭ ياخشى بەندىلىرىنى تاللايدۇ » دېدى .

**وقال ﷺ:" ستخرج نار في آخر الزمان من حضرموت، تحشر الناس. قلنا فماذا تأمرنا يا رسول الله؟ قال:" عليكم بالشام ".**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «زامان ئاخىرىدا ھەزەرەلمەۋت (حضرموت)تىن بىر ئوت چىقىپ كىشىلەرنى توپلايدۇ»دېدى .

بىز: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ دېسەك ئۇ:«شامدا تۇرۇڭلار! » دېدى .

وقال ﷺ:" فسطاط المسلمين . أي مدينتهم . يوم الملحمة بالغوطة إلى جانب مدينة يُقال لها دمشق من خير مدائن الشام ".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىكلىرى قاتتىق ئۇرۇش كۈنلىرىدە شام شەھەرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان دىمەشق (دمشق) دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ بىر تەرىپىگە جايلاشقان غەۋتە (الغوطة) دېگەن بىر يەردە بولىدۇ» دېدى .

وقال ﷺ:" يوم الملحمة الكبرى، فسطاط المسلمين بأرض يُقال لها: الغوطة فيها مدينة يُقال لها: دمشق؛ خير منازل المسلمين يومئذٍ "[[18]].

ئەڭ چوڭ ئۇرۇش بولغان كۈنلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىكلىرى غەۋتە (الغوطة) دېگەن بىر زېمىندا بولىدۇ. ئۇ

[18] الحديث فيه بشرى خير للمؤمنين بأن دمشق الشام سيعود إليها مجدها ودورها الريادي في قيادة الأمة نحو الجهاد في سبيل الله والنصر والتمكين، وأن ذلك كائن ولو بعد حين .. وأن هذه السحابة السوداء . الممثلة في الأنظمة العلمانية الكافرة . التي تظلل سماء دمشق

والشام مآلها إلى أفول وزوال .. وما ذلك ببعيدٍ إن شاء الله.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يەردە بىر شەھەر بولۇپ دىمەشق (دمشق) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەھەر بۇ كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ چۇشىدىغان ئەڭ ياخشى ئورنى ھىسابلىنىدۇ.»

**وقال ﷺ:" سيكون هجرة بعد هجرة، فخيار أهل الأرض ألزمهم مهاجر إبراهيم ".**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « يېقىندا ھىجرەتتىن كېيىن ھىجرەت بولىدۇ. زېمىن ئەھلىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلغان ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشقىنىدۇر» دېدى .

مەن دەيمەنكى: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلغان ئورۇنلىرى پەلەستىن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شام شەھەرلىرى..

بۇ توغرىسىدىكى ھەدىسلەر پەلەستىن ئەھلىنى پەلەستىن زېمىنىدا يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلغان ئورۇنلىرىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا قىزىقتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

وقال ﷺ:" عقر دار المؤمنين بالشام "[19].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « مۇئمىنلەرنىڭ ئۆيى شامدا» دېدى .

مەن دەيمەنكى: مەدىنە ۋە شام ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇن ۋە شەھەرلەردە تۇرۇشتىمۇ ياخشىراقى ئۇرۇش مەيدانىدا جىھاد قىلىش ۋە ئۇنىڭدا دائىم مۇستەھكەم تۇرىدىغان ئورۇنلارنى دائىم بولۇشى.. بۇ ئورۇنلار قەيەردە بولسا شۇ يەرگە كۆچۈشتۇر.

**قد صح عن النبي ﷺ أنه قال:" رباط يومٍ في سبيل الله خير من الدنيا وما عليها، وموضع سوطِ أحدكم من الجنة خير من الدنيا وما عليها، والروحة يروحها العبد في سبيل الله أو الغدوة خير من الدنيا وما عليها " متفق عليه.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەھىھ ھەدىستە نەقلى قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دېگەن :« بىر كۈن ئۇرۇش مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇش دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشى.

---

54 جميع ما تقدم من أحاديث في فضل الشام .. كلها صحيحة ولله الحمد بعضها في الصحيحين .. قد قمت بنقلها من كتاب " فضائل الشام ودمشق للربعي " بتحقيق الشيخ محمد ناصر الدين الألباني .. فليراجعه من شاء.

سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى قامچىسىنىڭ ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشى.
بىر بەندىنىڭ جىھادقا ئەتىگەندە ياكى كەچتە بىرىپ تۇرۇشى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشى.»

(الرباط:) دېگەن ئۇرۇش مەيدانلىرىدا مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنلىرىدىن قوغداش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئوتتۇرسىدىكى پاسىل يولدۇر.

**وقال ﷺ:" رباط يومٍ وليلة خير من صيام شهر وقيامه، وإن مات فيه جرى عليه عمله الذي كان يعمل، وأجري عليه رزقه، وأمن الفتان " [مسلم.]**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« بىر كېچە ـكۈندۈز ئۇرۇش مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇش بىر ئاي روزا تۇتقاندىن ۋە قىيامدا تۇرغاندىن ياخشى. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭغا قىلغان ئەملى يېزىلىپ تۇرىدۇ، رىزقى بېرىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئىككى پەتتاندىن ئەمىن بولىدۇ» مۇسلىم نەقلى قىلغان
بۇ يەردىكى [پەتتان] بولسا قەبىردە ئىنسانىنى سوراق قىلىدىغان مۇنكىر ۋە نەكىردىن ئىبارەت ئىككى پەرىشتىنى

كۆرسىتىدۇ.

**وقال ﷺ:" موقف ساعةٍ في سبيل الله؛ خير من قيام ليلة القدر عند الحجر الأسود "[20].**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« جىھاد مەيدانىدا بىر سائەت مۇستەھكەم تۇرۇش ھەجەر ئەسۋەدتە قەدىر كېچىسى تۇرغاندىن ياخشى.»

**وقال ﷺ:" رباطُ يوم في سبيل الله؛ خير من ألف يومٍ فيما سواه من المنازل "[21].**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :«جىھاد مەيدانىدا بىر كۈن مۇستەھكەم تۇرۇش ئۇنىڭدىن باشقا جايدا مىڭ كۈن تۇرغاندىن قىلغاندىن ياخشى»

**وفي رواية عند ابن ماجة، قال ﷺ:" من رابط ليلةً في سبيل الله؛ كانت كألف ليلةٍ صيامها وقيامها "[22].**

---

[20] أخرجه ابن حبان وغيره، صحيح الترغيب: **4001**.

[21] أخرجه النسائي والترمذي، صحيح الترغيب: **4001**.

[22] صحيح الترغيب:**4001**.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىنى ئادرىسى

ئىبنى ماجەنىڭ نەقلى قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن :«جىھاد مەيدانىدا بىر كېچە تۇرۇش مىڭ كېچە روزا تۇتۇپ قىيامدا تۇرغانغا ئوخشاش »

**وقال ﷺ:" مقام الرجل في الصف في سبيل الله أفضل عند الله من عبادة الرجل ستين سنة "[[23]].**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن :«بىر كىشىنىڭ جىھاد مەيدانىدا سەپتە تۇرۇشى اللهنىڭ نەزىرىدە بىر كىشىنىڭ 60يىل ئىبادەت قىلغىنىدىن ياخشى »

الله أكبر ... بىر سائەت ئۇرۇش قىلىپ باقمىغان بىر كىشىنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ سەپتە تۇرۇشى اللهنىڭ نەزىرىدە بىر كىشىنىڭ ئۇندىن باشقا جايدا 60يىل ئىبادەت قىلغىنىدىن ياخشى.. ئۇرۇشقا چىقمىغان كىشىلەر ھەرقانچە ئاكتىپلىق بىلەن ئىبادەت قىلسىمۇ ئۇرۇش قىلغان كىشىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئوندىن بىرىگە يېتەلمەيدۇ..!

[23] أخرجه الحاكم، صحيح الترغيب: **4121**.

**وعن أبي هريرة قال: قيل: يا رسول الله! ما يعدل الجهاد في سبيل الله ؟ قال:" لا تستطيعونه ". فأعادوا عليه مرتين أو ثلاثاً، كل ذلك يقول:" لا تستطيعونه " ثم قال:" مثل المجاهد في سبيل الله كمثل الصائم القائم القانتِ بآيات الله، لا يفتُرُ من صلاةٍ ولا صيامٍ حتى يرجع المجاهدُ في سبيل الله "  متفق عليه.**

ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقلى قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دېگەن : ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! اللە يولىدا جىھاد قىلىشقا قايسى ئەمەل تەڭ كېلىدۇ ؟ دېيىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« سىلەر بۇ ئەمەلنى قىلىشقا قادىر بولالمايسىلەر» دېدى .

ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ سوئالنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم قايتا-قايتا سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە: « سىلەر بۇ ئەمەلنى قىلىشقا قادىر بولالمايسىلەر» دەپ جاۋاب بەردى.

ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « اللە يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ ئوخشىشى  اللە يولىدا جىھاد قىلغۇچى جىھادتىن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر، بوشاپ قالماستىن ناماز ئوقۇيدىغان، روزا تۇتىدىغان، اللەنىڭ ئايەتلىرىگە جەزمى ئىشىنىدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ» دېدى .

**وعن معاذ بن أنس ﷺ عن النبي ﷺ: أن امرأة أتتْه فقالت: يا رسول الله! انطلق زوجي غازياً، وكنت أقتدي بصلاته إذا صلى، وبفعله كله، فأخبرني بعمل يُبلغني عمله حتى يرجع. قال لها:" أتستطيعين أن تقومي ولا تقعدي، وتصومي ولا تفطري، وتذكري الله تعالى ولا تفتُري حتى يرجع ؟". قالت: ما أطيق هذا يا رسول الله! فقال:" والذي نفسي بيده لو طوّقتِيه ما بلغت العُشر من عمله "[24].**

مۇئاز (معاذ بن أنس ﷺ) ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقلى قىلىنىشىچە بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى : ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ئېرىم ئۇرۇشقا كەتتى. مەن ئېرىم ناماز ئوقۇغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ نامىزىغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيتتۇم، ئۇنىڭ بارلىق ئىش ھەرىكەتلىرىگە ئەگىشەتتىم.

ئۇ قايتىپ كەلگىچە مېنى ئۇنىڭ قىلغان ئەمىلىگە يەتكۈزىدىغان بىر ئەمەلنى ئېيتىپ بەرسىلە دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: « سىز ئېرىڭىز قايتىپ كەلگۈچە ئولتۇرىۋالماي قىيامدا تۇرۇشقا، ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتۇشقا، ئۈزۈلدۈرمەي اللهنى ئەسلەپ تۇرۇشقا قادىر بولالامسىز؟» دېدى .

---

[24] أخرجه أحمد، صحيح الترغيب: **4104**.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئايال: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بۇنىڭغا قانداقمۇ تاقەت كەلتۈرگىلى بولسۇن دېدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « مىنىڭ جىنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى ئەگەر سىز مۇشۇ ئەمەللەرنى قىلىشقا تاقەت كەلتۈرۈپ قالسىڭىز ئېرىڭىزنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئوندىن بىرىگە يېتەلمەيسىز» دېدى .

مەن دەيمەنكى: ھېلىقى ئايال مەدىنىدە... ئۇنىڭ ئېرى بولسا مەدىنە سىرتىدىكى بىر جايدا..!!

بۇ مول بايلىقنىڭ ئازغىنە بىرقىسمى..

جىھاد قىلىش ۋە جىھاد مەيدانلىرىدا مۇستەھكەم تۇرۇش توغرىسىدىكى سەھىھ ھەدىسلەردىن بىز ۋەز نەسىھەت قىلىشنى مەقسەت قىلىمىز. ھەرگىزمۇ جەڭ مەيدانىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى مەقسەت قىلمايمىز. چۈنكى بۇ ساھەنى تەكشۈرسەك غايەت زور بىر تولام بولىدۇ..

بىز ئاللاھدىن بىزنىڭ ـجىھادقا ۋە مۇجاھىدلارغا خىزمەت ـقىلىشىمىزغا ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاللاھ خالىغان نەرسىگە قادىردۇر.

ئەسكەرتىش:

شۇنى بىلىپ قويۇڭكى زېمىن قاچانكى ئۇلۇغ بولسىمۇ زېمىن ئۆزىدە تۇرغان كىشىلەرنى ئۇلۇغ قىلالمايدۇ.. بەلكى بىر ئىنسانني ئۇلۇغ ، شەرەپلىك قىلىدىغىنى ۋە دۇنيا ـئاخىرەتتە بۈيۈك ـكاتتا قىلىدىغىنى ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئەمىلى ۋە ئۇنىڭ الله يولىدا جىھاد قىلىشىدۇر.

ئەبۇ دەردا سالمان پارىسىنى مۇقەددەس زېمىنغا ھىجرەت قىلىشقا چاقىردى؛ بۇ زېمىن بولسا شام ئىدى.

سالمان ئەبۇ دەردا غا مۇنداق جاۋاب بەردى: مۇقەددەس زېمىن بىرسىنى ئۇلۇغ قىلالمايدۇ، بەلكى بىر ئىنسانني ئۇلۇغ ، شەرەپلىك قىلىدىغىنى ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئەمىلى.

شۇنىڭدەك ئابدۇللاھ (عبد الله بن المبارك رحمه الله ) ئۆزىنىڭ مەشھۇر قەسىدىسىنى پۇدەيل (فضَيل بن عياض) غا ئەۋەتتى؛ بۇ ۋاقىتتا پۇدەيل (فضَيل بن عياض) مەككىدە ـئۆيەردە ئوقۇلغان بىر رەكەت ناماز ئۇنىڭدىن باشقا مەسجىدتە ئوقۇلغان يۈز مىڭ رەكەت نامازغا تەڭ كېلىدىغان ـ ئۇلۇغ ھەرەمدىن ئايرىلمايتتى.

ئابدۇللاھ (عبد الله بن المبارك رحمه الله ) بولسا تەرتۇس شەھرىدىكى بىر جايدا تۇراتتى.

ئابدۇللاھ (عبد الله بن المبارك رحمه الله ) نىڭ قەسىدىسى تۆۋەندىكىچە:

يا عابد الحرمين لو أبصرتنا ... لعلمت أنك بالعبادة تلعبُ
من كان يخضِبُ جيدَهُ بدموعه .. فنحورنا بدمائنا تتخضَّبُ
أوْ كان يُتعِبُ خيلَهُ في باطلٍ .. فخيولنا يومَ الصبيحةِ تتعبُ
ريحُ العبير لكم ونحنُ عبيرُنا رهَجُ السنابكِ والغُبارُ الأطيبُ
ولقد أتانا من مقالِ نبينا ... قولٌ صحيحٌ صادقٌ لا يكذبُ
لا يستوي وغُبار خيل الله في أنف امرئٍ ودُخانُ نارٍ تلهَبُ
هذا كتابُ الله ينطق بيننا ... ليس الشهيدُ بميتٍ لا يُكذَبُ

بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى:

ئى ئىككى ھەرەمدە ئىبادەت قىلغۇچى! ئەگەر سەن كۆزۈڭنى ئېچىپ ئۇبدان قارىساڭ، سەن ھەرەمدە قىلىۋاتقان ئىبادىتىڭ بىلەن ئويۇن تاماشا قىلىۋاتقانلىقىڭنى كۆرىسەن.

كىشىلەر بويىنىنى ياشلىرى بىلەن بويىغان بولسا، بىز بويىنىمىزنى قانلىرىمىز بىلەن بوياۋاتىمىز.

كىشىلەر ئاتلىرىنى بىھۇدە كۆڭۈل خوشلۇقى ئۈچۈن چاپتۇرۇپ چارچىتىۋەتكەن بولسا، بىزنىڭ ئاتلىرىمىز گۈزەل

كۆڭۈللەر ئۇچۇن چىپىپ چارچاۋاتىدۇ.

سىلەر خۇش پۇراقلارنى پۇراۋاتقان بىلەن بىزنىڭ خۇش پۇراق نەرسىلىرىمىز چاڭ-توزان ۋە پاك توپىلاردۇر.

بىزگە پەيغەمبىرىمىزدىن ھەقىقىي راست بولغان بىرى سۆز كەلدىكى، ئىنسانىنىڭ بۇرنىغا كىرگەن الله يولىدا چىپىۋاتقان ئاتلارنىڭ چاڭ توزانلىرى بىلەن كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ھەرگىزمۇ باراۋەر بولمايدۇ.

اللهنىڭ بۇ كىتابى سۆزلەۋاتىدۇكى شەھىدلەر راستتىنلا ئۆلۈك ئەمەس.

پۇدەيل (فضَيل بن عياض)غا ئابدۇللاھ (عبد الله بن المبارك رحمه الله ) نىڭ مەشھۇر قەسىدىسى يېتىپ بارغاندا ئۇ ھەرەمدە ئىدى، ئۇ بۇ قەسىدىنى ئوقۇپ يىغلاپ كەتتى. ئاندىن مۇنداق دېدى : أبو عبد الرحمن (عبد الله بن المبارك رحمه الله ) راست ئېيتتى دېدى . [[25]].

مەقسىتىمىزگە كەلسەك: مەسىلىلەرگە بەرگەن جاۋابىمىز ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىمىز مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

الله تعالى دىن بۇ ئەمەللىرىمىنى قوبۇل قىلىشىنى،

[25] أنظر سير أعلام النبلاء: **140/0**.

مېنى ئەپۇ قىلىشىنى، ماڭا مەغپىرەت قىلىشىنى، ماڭا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا رەھىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.
الله تعالى ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

وصلى الله على سيدنا ونبينا محمد، وعلى آله وصحبه وسلم.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين.